# ئۇرۇسسايسى



# ئۇژمە سايىسى

(سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمى)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسى
«ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژورنىلى تەھرىر گۇرۇپپىسى تۈزگەن

# تەھرىردىن:

بۇلتۇر 9 - ئايدا شىنجاڭ كېزىتىدە ۋە ژۇرنىلىمىزنىڭ 78 - يىللىق 3 - سانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقارغان ئىدۇق. قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 79 - يىلدىكى ھەرقايسى سانلىرىدا بەردۇق. قالغان ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىنى تاللاپ، «ئۈژمە مايىسى» ناملىق بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ توپلامغا درامما، ئوپېرا، راۋاپ قوشىقى قاتارلىق 5 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ھازىرقى 3 چوڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنى ئەكىس ئەتتۈرۈشكە نىسبەتەن بەلگىلىك تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن. يەنە ئاز قىسمىدا قارا ئۆتمۈشنىڭ جاھالەتلىرى پاش قىلىنغان.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، توپلامنى نەشىرگە تەييارلاش ۋاقتىمىزنىڭ قىسقا بولۇشى تۈپەيلىدىن، كىتاب تەبىئىي ھالدا كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. كەڭ

كىتابخانىلارنىڭ توپلىمىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدە پىكىرلىرى بولسا تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

1979. 7 .13

# مۇندەرىجە

ئۈژمە سايىسى (دىراما) ............ ت. شاۋۇدۇن
سېيىت نوچى (خەلق داستانى) ......... م. زۇنۇن
ئۇزىتىش ئالدىدا (ئوپېرا)............ م. ھەزرەت
ئۈزۈلمەس رىشتە (دىراما)............ غ. ئابدۇللا
ئورۇك چېچەكلىگەندە (ئوپېرا)......... ئۇ. سايىم

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: غازى ئەمەت
ھوسنە خەتلەرنى يازغۇچى: تۇردى قادىر نازىرى

# ئۈزۈم سايىسى

## تۇرغان شاۋۇدۇن

(شۇ نامدىق خەلق چوچەكىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن)

(ئىككى پەردە 3 كورۇنۇشلۇك درامما)

**قاتناشقۇچىلار:**

ئەپچىلەم: 22 ياشلار چامىسىدىكى دىخان يىگىتى.

روزىمەت: ئەپچىلەمنىڭ ئاغىنىسى، 23 ياشلاردا.

مەخمۇت: سەلەي باينىڭ مالىيى، 18 ياشلاردا.

پاتىمە: سەلەي باينىڭ مالىيى، 17 ياشلاردا.

سەلەي: باي. 50 ياشلاردا.

جەمىلە: باينىڭ ئايالى 40 ياشلاردا.

مولام: 55 ياشلاردا.

قوشۇمچە: باينىڭ 8 - 10 ياشلار ئەتراپىدىكى ئىككى ئوغلى، ئەپچىلەمنىڭ ئاغىنىلىرى، يېزا دىخانلىرى ۋە باينىڭ يېقىنلىرى.

# 1 - پەردە

سەھنە تۈزۈلۈشى: چوڭ يول، يولنىڭ بىر چېتىدە باراقسان بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخى ئەتراپىغا سايە تاشلاپ، مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. يول بىلەن ئۈژمە دەرىخىنى باينىڭ قوراسىدىن ئايرىپ تۇرغان ئېگىز تام ۋە چوڭ دەرۋازىنىڭ كەينىدىن باينىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىنىڭ نەقىشلىك پېشايۋانى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۈژمىنىڭ تۈۋىگە باينىڭ ئەتىسى - ئاخشىمى سايىلىدىشى ئۈچۈن كىچىكرەك بىر سۇپا قوپۇرۇلغان. ھازىر باي ئەنە ئەشۇ سۇپىدا يېتىپ سايىدىماقتا. سۇپىغا كىچىك بىر جوزا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چەينەك بىلەن بىر پىيالە قويۇلغان، ئۈژمىنىڭ سۇپىغا قاراپ ئېگىلىپ تۇرغان شېخىغا شاتۇتى سېلىنغان قەپەز ئېسىلغان.

پەردە ئېچىلىش بىلەن باينىڭ 8 - 10 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى ئوغلى بىر - بىرىنى قوغلاشقان ھالدا قورادىن چىقىپ، ئۈژمىنى بىر ئايلىنىپ يەنە قوراغا كىرىپ كېتىدۇ. سۇپىدا ياتقان باي كۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ، سېمىز گەۋدىسىنى قورا تەرەپكە ئاغدۇرۇپ توۋلايدۇ.

سەلەي داي: ھاي قايسىڭ بار! (مەخمۇت چىقىدۇ)

مەخمۇت: خوش باي ئاكا.
سەلەي باي: چىلىم راسلاپ چىق.
ماخمۇت: ماقا ھازىر. (ماخموت كىرىپ كېتىپ تۇشتىن يابسالغان چىرايلىق چىلىم ئېلىپ چىقىپ، بايغا بېرىدۇ - دە، كىرىپ كېتىدۇ.) باي چىلىمنى راھەتلىنىپ بىر - ئىككى شورىشى بىلەن، ئۇزۇمە شېخىغا ئېسىلغان قەپەزدىكى شاتۇتى شوخ ئاۋازدا سايرايدۇ. سەلەي باي ئۇنىڭغا قاراپ زوق بىلەن تەبەسسۇم قىلىدۇ - دە، چىلىمنى سۇپىغا قويۇپ قەپەزنىڭ يېنىغا بارىدۇ.
سەلەي باي: يارايسەن، ماقا ساقا كىشىمىش. سالام باي ئاكا!، - دە.
شاتۇتى: (قاناتلىرىنى قېقىپ) سالام باي ئاكا!
سەلەي باي: يەنە بىر.
شاتۇتى: (يەنە تەكرارلايدۇ)
سەلەي باي: (زوق بىلەن كۈلۈپ). مەرتىۋىڭىز زىيادە بولغاي باي ئاكا!
شاتۇتى: (تەكرارلايدۇ)
سەلەي باي: بايلىقىڭىز مول بولغاي باي ئاكا!
شاتۇتى: (تەكرارلايدۇ، باي قاقاھلاپ كولۇپ شاتۇتىغا كىشمىش بېرىدۇ. شاتۇتى خوشال سايراپ كىشمىش يەيدۇ، شۇ چاغدا باينىڭ ئايالى چىرايلىق كىيىنگەن

هالدا قورادىن چىقىپ ناز بىلەن باينىڭ يېنىغا
كېلىدۇ)

جەمىلە: ئەتە شەھەردىن چىقىدىغان مېھمانلارغا مۇ-
شۇنداق كورۇنسەم قانداق دەيدىلا؟ (سەلەي باي شا-
تۇتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئايالىغا دىققەت قىلمايدۇ،
جەمىلە تېخىمۇ چىرايلىق خۇلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئال -
دىغا ئوتىدۇ).

جەمىلە: مەن سىلىگە كەپ قىلىۋاتىمەن. ياردىشىپتىمۇ؟

سەلەي باي: (كۆلۈمسىرەپ، ئۇنى ئەكىلىتىپ) ياردىشىپتۇ
خوتۇن، ناھايىتى ياردىشىپتۇ. ساڭا ياراشقىدەك شۇنداق
ياخشى مال ئالالىغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا كوپ رەخمەت
ئېيتىساڭ بولىدۇ.

شاتۇتى: رەخمەت باي ئاكا. (باي ۋە جەمىلە مەمنۇنلۇق
بىلەن بىر - بىرىگە كۆلۈمسىرەپ قارىشىدۇ، جەمىلە
خۇلۇق قىلىپ مۇردىسى بىلەن باينى ئىتتىرىپ قويىدۇ.
شۇ چاغدا چېلەك كوتەرگەن ماخمۇت سىرتقا قاراپ
ماڭىدۇ)

سەلەي باي: (ئاۋازىنى كوتىرىپ) چېلەككىلەرنى ئېلىپ نەگە
ماڭدىڭ؟

ماخمۇت: پاتىمە كىر يۇيۇۋاتقان ئىكەن، بىر - ئىككى
يول سۇ توشۇپ بېرەي، دېۋىدىم.

سەلەي باي: ئۆيىڭغا نېمانچە شەپقەتتىك ئېشىپ كەتتى؟
جەمىلە: ئۆيىڭىز بۈگۈنى كورسە ئەكسىلىكى تۇتۇپ قالىدى-
غان بولدى.
ماخمۇت: يوقسۇ خانىچا، كوزلىرى ئۆزىڭغا كىر يۇيۇپ بولۇپلا نانغا تۇتۇش قىلىشنى ئېيتقان ئىكەنلا، مەن ئۆينىڭ شۇ ئىشلارنى بالدۇرراق پۈتتۈرۈشى ئۈچۈن يارده‌ملىشىۋاتىمەن.
سەلەي باي: ھەي نان قېپى، ساڭا تاكالىشىشنى كىم قو-
يۇپتۇ، بېرى كەل. (ماخمۇت ئۆينىڭ يېنىغا باردىۇ، باي ئۆيىنىڭ قولىغىدىن تۇتۇپ، قاتتىق سوزۇدۇ، ماخ-
مۇت ئاغرىققا چىداشلىق بېرەلمەي، لەۋلىرىنى چىشلەپ بېشىنى سىڭايان قىلىدۇ، جەمىلە ئۆيىڭغا قاراپ ھو-
زۇرلۇنۇپ كۇلىدۇ)
سەلەي باي: سېنىڭ ئىشىڭ ئېغىلارنى پاك - پاكىز تازى-
لاش، مالىلارنىڭ كەچلىكى ئۈچۈن چوپ - بېدىلەرنى توغراپ، تەقمۇ - تەق قىلىپ قويۇش، ئاندىن، ھە، ئىش تاپالمساڭ مېنىڭ يېنىمغا كەل، ئۇقتۇڭمۇ؟ (قۇلىقىنى قويىۋېتىدۇ)
ماخمۇت: (قۇلىقىنى ئۇۋۇلاپ) ھەممىنى بەجىرىپ بولدۇم باي ئاكا.
سەلەي باي: ئەممىسە كەتمەننى ئېلىپ ئېتىزغا ماڭ، ھېلىقى

كۆنلۈكچىلەرنىڭ بېشىدا مىقتەك تۇرۇپ، ئۇز كەتمىنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھەيدەكچىلىك قىلمىساڭ، ئۇلار باي ئا-كاڭنى ئالدايدۇ، ئوقتۇڭمۇ؟

ماخمۇت: ئۇقتۇم باي ئاكا.

سەلەي باي: ماڭ ئەمىسە! (ماخمۇت چىلەكلەرنى كوتىرىپ قورۇغا كىرىپ كېتىدۇ)

جەمىلە: بۇنىڭغىمۇ جان كىرىپ، تىلى چىقىپ قالدى.

سەلەي باي: چوڭ بولۇپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنى ئېتىز ئىشىغا سېلىپ، ئوي ئىشىغا باشقىسىنى تاپساقمۇ بولغىدەك.

جەمىلە: ئۇنى ئەڭ بولمىغاندا پاتىمەدىن يىراقراق قىلمىساق بولمىدى.

سەلەي باي: نىمە؟

جەمىلە: بايقىدىڭىزمۇ؟ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا كوزلىرىدىن قانداقتۇ ئوت چاقنايدىغان بولۇپ قالدى.

سەلەي باي: بۇ ئوتلار قانداق قىلىپ ئۇلارغا تالىق بولى-دىكەن؟ بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇپ بولمايدۇ.

جەمىلە: (قاقاھلاپ كولۇپ) بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك. بىراق ئىلاجىنىمۇ چوچۇتمەسلىك كېرەك.

سەلەي باي: (چىرايى ئېچىلىپ) پاھ خوتۇن يارايسەن، بۇ كاككۇك بىلەن زەينەپنى قانداق باپلاشنى ئويزەڭگە

قويۇپ بەر، ھا ھا ھا... (ماخمۇت كەتمەن كۆتۈرۈپ چىقىدۇ)

سەلەي باي: توختا! (ماخمۇت توختايدۇ)

سەلەي باي: كەچقۇرۇن كېتىزدىن قايتىشىڭدا، ياق، پېشىنغا يېقىن قايتساڭ بولغىدەك، ھېلىقى مۇسەللەسچى بىلەن يولۇقۇپ، مۇسەللەسلەر تەييار بولغان بولسا، ئۆيگە ئەكىلىپ قوي.

ماخمۇت: ماقۇل. (مېڭىپ كېتىدۇ)

سەلەي باي: (ئايالىغا قاراپ) ھوي راس، ياقىدىغان ئاشلار-نىڭ تۈرىنى ياتىمەكە ئېيتتىڭمۇ؟

جەمىلە: ياق تېخى.

سەلەي باي: ئېيتىپ قوي، بىر تونۇر مايلىق توقاچتىن باشقا، يەنە بىر تونۇر شىرمان نان ياقسۇن، بۇ يېيىش-لىك بولۇپلا قالماي، داستىخانلىقنىڭ زىننىتى، شۇنداقلا مېھمانلارنىڭ يۈزى. يەنە كۈللۈكچىلەرنىڭ يەيدىغىنىمۇ تۈگەپتۇ، ئۇلارغا بىر تونۇر زاغرا يېقىش كېرەك.

جەمىلە: بولىدۇ ئېيتىپ قوياي. (ماڭماقچى بولىدۇ)

سەلەي باي: توختا، زاغرىغا ئازراق كۆنجۈرا ئارىلاشتۇرۇد-ۋېتىڭلار.

جەمىلە: ئېقىل دېگەن مۇشۇ-دە، ھەجەپ ئوبدان دېدىڭىز، بولمىسا بۇ قارا قوساقلارغا نان تويۇشاتتىلى بولمىغىدەك.

(جەمىلە كىرىپ كېتىدۇ، يالغۇز قالغان باي خاتىرجەم بولالمايدۇ)

سەلەي باي: مەن ئاردىلاشقان ئىش ھامان بۇزۇلىدۇ، مەن ئوزەم قاراپ تۇراي. (باي قوراغا كىرىپ كېتىدۇ، يىراقتىن ناخشا ئاڭلىنىدۇ)

ناخشا:

بازار يولى يىراق يول،
تومۇزدا جاننى قىينايدۇ.
سايىغا باراي دىسەڭ
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.
بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالقانچىلىك يەر تۇرماق،
يېتەلمىدۇق سايىغا.

سەھنىگە ئوشنىسىگە بىر قۇچاق ئوتۇننى زودۇپ، بىر كىشى كىرىدۇ. ئوتۇننى يەرگە قويۇپ تەرلىرىنى سۈرتىدۇ، ئۇنىڭ قەيسەرلىكى؛ قەددى - قامىتى ۋە چىرايىدىن ئەكىس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەپچىلەم ئىدى.

ناخشا:

سەلەي باي بېخىل تاشتىن،
ئالۋىڭى ئېغىر ئىزادىن.

سەيسە، سېلىقى كەلدى،
كەتكۈزدى تامام ھالىدىن.
يوقسۇزلۇق، ھوقۇقسىزلۇق،
جانلارغا خەتەر سالدى.
كۈن كۆرمەك ئۈچۈن بىزگە،
تەمەش تېرىمەك قالدى.

(ئەپچىلەمنىڭ ناخشىسى ئاخىرلىشىش بىلەن روزىمەت ئۈچىسىگە ئوتۇن يۈدۈگەن، بىر قولىدا راۋاپ تۇتقان ھالدا سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ)

ئەپچىلەم: كەل روزىمەت، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋال.

(ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇنىنى ئېلىپ يەرگە قويىدۇ)

روزىمەت: (نارازى بولۇپ) ئەقلىڭگە بارىكاللا، ھەم ئېلىپ ئوتۇشكە قالتىس يەرنى تاللاپسەن؟!

ئەپچىلەم: نىمە، قورقامسەن؟

روزىمەت: سەلەيىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭما، ھازىرلا چىقىپ قوغلىسا، مۇساپىرلىق كۆچىڭدىمەك بوينىڭنى قىسىپ كەتمەكتىن باشقا چارەڭ يوق. ئۇنداق خورلۇقنى كۆرگەلىدىن كۆرە ئىسسىقتا كاۋاپ بولغان ياخشىراق - تە.

ئەپچىلەم: بىرەر چارە تېپىپ، ئاقابىل تۇرمامدۇق.

روزىمەت: قورۇق گەپنى قويۇپ يولۇڭغا ماڭغىنا، ئۇ
ھېلى ئۆيدىن چىقىپ قالسا، بىكار دەككىمىزنى يەيمىز.

ئەپچىلەم: (قاقاھلاپ كۈلۈپ) پۇلى بارنىڭ گېپى چوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ دىگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، ئۇنىڭ بىزنى قوغلىيالىشى پەقەت پۇلىنىڭ كۈچى، ئەگەر بىزنىڭمۇ پۇلىمىز بولسا ......

روزىمەت: (ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ) پۇلىمىز بولسا، ئوتۇن تېرىپ ساتاتتۇقمۇ؟

ئەپچىلەم: دېگىنىڭ توغرا، بىراق مېنىڭ دىمەكچى بولغۇنۇم، پۇلىمىز بولسا، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ سايىسىدا ياتاتتۇق.

روزىمەت: گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم.

ئەپچىلەم: چۈشۈنەلمەيدىغان نىمىسى بار، مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈندىن بۇيان قوسۇغۇمغا پۈكۈپ يۈرۈۋاتىمەن.

روزىمەت: ھە، قوسۇغۇڭغا پۈككەن ئۆيلىرىڭنى دەپباقمامسەن؟

ئەپچىلەم: ئۆزىمىزنىڭ سايىسىنى سېتىۋالساق، دەيمەن.

روزىمەت: (ھەيران بولۇپ) سان......؟

ئەپچىلەم: ھە.

روزىمەت: سېنىڭ بۇنداق خام خىيالىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىغا سىغمايدۇ.

ئەپچىلەم: (ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ) قارا، بۇنىڭ سايىسى

چۈش ۋاقتلىرىدا يولغا ئەمەس، بايىنىڭ ھويلىسىغا ۋە ھويلىسىنىڭ كەڭ شادىلىق ئېيۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.

ئاغىنىلەر بىرلىكتە پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇنى سېتىۋالساق، ئاندىن بايىنى راس چېلىيەمىزدە......

روزىمەت: ئۇنداق ئاخماقلىقىڭنى قوي ئاغىنە.

ئەپچىلەم: توختا، ئۇنداق يەڭگىللىك قىلما!

روزىمەت: مەن سېنى خېلىلا ئېقىللىق ساناپ يۈرسەم نىمە دەپ جويلۇپ يۈرىسەن؟ بولدى قوي بىمەنە گەپلىرىڭنى. (روزىمەت ئوتۇننى ژۈدۈپ ماڭىدۇ. ئەپچىلەم ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ توختىتىۋالىدۇ)

ئەپچىلەم: توختا ئاداش، مېنىڭ غەرىزىمگە چۈشەنمەيۋاتىسەن. (شۇ چاغدا سەھنىگە ئىككى ئوتۇنچى يكرىپ كېلىدۇ. ئەپچىلەم روزىمەتنىڭ قولىغا پىچىرلايدۇ. روزىمەتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ نۇرلىنىدۇ، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرەپ، ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالماي قاقاھلاپ كۈلىدۇ. ئەپچىلەممۇ كۈلىدۇ، ئىككىسىنىڭ كۈلكىسى سەھنىنى بىر ئالىدۇ. بۇ كۈلكىدىن ھەيران بولغان ھېلىقى ئىككى ئوتۇنچى توختاپ ئۇۋال ھاڭ-تاڭ قالىدۇ، كېيىن بىردەك قاقاھلىشىپ كۈلۈشىدۇ، شۇ ئەسنادا سەلەي

باي غەزەپلەنگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ، ئۇنى كورگەن ئىككى ئوتتۇلچى غىپپىدە چىقىپ كېتىدۇ. ئەپچىلەم كۈلۈپ تۇرۇپ روزىمەتنىڭ قولىغا پىچىرلايدۇ. روزى-مەت كۈلگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىدە ئەپچىلەم يالغۇز قالىدۇ)

سەلەي باي: ھەي! سەن نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ ئوت بوياققا!

ئەپچىلەم: باي ئاكا، بۇ كوپچىلىك ئوتىلىدىغان يولغۇ؟

سەلەي باي: يول كوپچىلىكنىڭ بولغىنى بىلەن ئۈزۈمنىڭ سايىسى مېنىڭ.

ئەپچىلەم: بىر ئاز دەم ئېلىۋالغانغا ئۈزۈملىرىنىڭ سايىسى تۈگەپ كەتمەس.

سەلەي باي: تۈگەپ كەتسە بولامتى ئەمىسە، ئۈزۈمنى ئومىتۇ-رۇپ بەرگەلىدەك كەپ قالىسەنغۇ؟ بىلەمسەن، بۇ ئۈزۈم-نىڭ ھەربىر يوپۇرمىقى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان.

ئەپچىلەم: بۇ كەپچە بىز پۇلنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپتۇقتە؟

سەلەي باي: شۇنداق، لېكىن پۇلنىڭ سايىسىدا باي ئوزى ئولتۇرىدۇ، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ ئولتۇرىسەن.

ئەپچىلەم: پۇلۇم بولسا ئولتۇرامتىم؟

سەلەي باي: ھە، ئەلۋەتتە.

ئەپچىلەم: ئۇنداق بولسا، ئۈزۈملەرنىڭ سايىسىنى ساتامدىلا؟

سەلەي باي: چوڭ سوزلىمەي يولۇڭغا ماڭساڭ قالىداق بولاركەن؟!

ئەپچىلەم: پۇلنىڭ چوڭ سوزلىتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلمەمدىلا؟

باي: ھەم.......

ئەپچىلەم: كەپ قىلمايدىلىغۇ، بىر نىمە دىمەمدىلا!

سەلەي باي: (قوۋۇلۇق بىلەن) جەننەت ھوزۇرىنى بەخش ئەتكۈچى بۇ تېپىلغۇسىز سايىنىڭ قىممىتىگە يېتەلەيدىغانلىغىنى بىلىپ تۇردىمەن، قارا بۇ سايىنىڭ تەكشى ۋە سالقىنلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاماللىقلىقىنى دىمەمسەن، مەن بۇ سايىدا ھەرقانداق تۇمۇزدىمۇ سۇ سەپمەي ھوزۇر قىلىپ ئولتۇراتتىم. سېنىڭ كوزۇڭ چۈشكەن بولسا، ھەممىتىدىن بەھىردىمەن قالماسلىققا كوڭلۇم ئۇنىمايدۇ، مەيلى خۇدا يولىدا ئۆز ھوزۇرۇمدىن كېچەي، بىراق شۇنداق بىر شەرت بار.

ئەپچىلەم: قانداق شەرت؟

سەلەي باي: پۇلنى نەق بېردىمەن.

ئەپچىلەم: پۇلنى نەق بېردىشتە گەپ يوق، بىراق سودا ئىشى ئاسان ئەمەس، سىلىمۇ ئىمام - مەزىنلىرىنى چاقىرسىلا، مەنمۇ بىر نەچچە ئاغىنەمنى قىچقىراي، خەتمۇ قىلىشايلى.

سەلەي باي: كېپەك راس بولسا، ئاۋال باھاسىنى كېلىـ
شەيلى. ئاندىن ئۈچىدىن بىر نەرسە بەر، قالغان ئىشلار
بولسا ئاسان.

ئەپچىلەم: مەيلى باھاسىنى ئېيتىسىلا.

سەلەي باي: 500 ئاق كۈمۈچ تەڭگە مىجەزىڭ قانداقراق؟

ئەپچىلەم: بېگىم ئىنساپ قىلسىلا، دېگىنىلىرىنىڭ يېرىمىنى
بېرەي.

سەلەي باي: مەن يۇقۇرىدا بۇ گۆزمە سايسىنىڭ گۆنداق...
مۇنداق سايلاردىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. سەن
ئېقىللىق ئادەمسەن، مەن دېمىسەممۇ بۇنىڭ قىممىتىگە
يېتىپ ئولتۇرۇپسەن، قىممەتلىك نەرسىنىڭ نەرقىنى چۈـ
شۈرۈش ئۇنىڭ ھەققىي قىممىتىگە نوقسان يەتكۈزىدۇ،
مېنىڭچە بۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇكى ھەرگىز
چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئەپچىلەم: باھاسىنى ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ھەرقانداق
نەرسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ھەققىي
باھانى ئېيتىش، دېگەن ما؟! مۇشۇ.

سەلەي باي: مەيلى، مەن كەڭ قوساقلىق قىلاي، بىر تەڭگە
چۈشۈرۈپ بەرسەم بولامدۇ؟

ئەپچىلەم: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) 499 تەڭگە، شۇنداقمۇ؟

سەلەي باي: شۇنداق بولماي، بۇنىڭ كۈلگىدەك نېمىسى بار؟

ئەپچىلەم: ئىنساپ قىلسىلا باي ئاكا.

سەلەي باي: يىگىت! سەن سودا قىلىپ كورمىگەن ئىكەنسەن، ئەكە قولۇڭنى، مانا مۇنداق سوزلىشەيلى. (يەڭ سودىسى قىلىشىدۇ) قانداق بولامدۇ؟

ئەپچىلەم: يوقسۇ باي ئاكا.

سەلەي باي: ماۋۇچۇ؟

ئەپچىلەم: (نارازى بولۇپ) بولدى باي ئاكا ئىككىمىز كېلىشەلمەيدىغان ئوخشايمىز. (كېتىشكە تەمشىلىدۇ)

سەلەي باي: (ئالدىراپ تۇسايدۇ) توختا - توختا، مانا مۇنداق بولسۇن، سەنمۇ چۈپەيلىك قىلما، مەنمۇ مەرتلىك قىلاي، 450 تەڭگىگە بىرۋۇيتەي بولامدۇ؟

ئەپچىلەم: لەۋزىلىرىنىڭ ھورمىتى 400 تەڭگە بولسۇن، بولمىسا كەتتىم. (سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ، باي ئۇنىڭ كەينىدىن تۇۋلايدۇ)

سەلەي باي: ھاي، ئاخماقلىق قىلما، ئۈزمە پىشسا ساڭا توكۈلگەن ئۈزۈمنىمۇ يەيسەن ئەمەسمۇ؟

ئەپچىلەم: (ئارقىغا بۇرۇلۇپ) مېنىڭ كەلگەن يېرىم شۇ، بىر تىيىنمۇ ئورلىمەيمەن. (ئەپچىلەم چىقىپ كېتىدۇ، باي ئۇرغىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ، سىرتتىن موللام بىرنەچچە كىشى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ)

موللام: ئەسسالامۇئەلەيكۇم سەلەي ئاخۇن.

سەلەي باي: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام موللام.

موللام: خىيال سۈرۈپ قاپتىلىغۇ، ساقسىز بولۇپ قالمىغانلا؟

سەلەي باي: خۇداغا شۈكرى! تېنىم تازا، ئىشتىيىم ياخشى، ئۈنىڭ ئۈستىگە يەنىلا شۇ ئادەت.

موللام: ئادەت كەلسە، ئىشىكتىنمۇ كىردۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ چۈشىدۇ ئەمەسمۇ، ھى.. ھە.. ھى.. خۇدا غەزىنىسىنى ئايىمىغاي.

سەلەي باي: تۇۋۋا دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ، ھېلىلا بىر يىلاڭتۇش كېلىپ، ئۈزۈملىرىنىڭ سېيىسىنى سېتىپ بەرسەڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. ھا. ھا. ھا...

موللام: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) كور بۇ ھامىقەتلىكنى.

سەلەي باي: خۇدا ئۇرغان ئاخماقنى، مەنمۇ بىر ئۇراي، دەپ ئۈيىن ئايلاندۇرۇپ، بۇيان ئايلاندۇرۇپ 450 تەڭگىگە توختىسام، 400 تەڭگە بولسا ئالىمەن، دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ھا. ھا. ھا... (موللام ۋە باشقىلارمۇ بايغا قوشۇلۇپ كۈلىدۇ)

موللام: بۇ خۇدا بەرگەن رىسقا، بۇلىڭدىن يالتايمسىلا.

سەلەي باي: مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، بىراق ئۇ ئاخماقنى باشقىلار يالتايتىپ قويمىسا.

موللام: خاتىرجەم بولسىلا سەلىياخۇن، تاز كۆل تاپسا

قىسىدىغان يەر تاپالماپتۇ دىگەنىدەك ئۇ 400 تەڭگە
كۈمۈچىنى مۇشۇنداق سايە سېتىۋېلىشتەك ئاخماقلىقنىن
باشقىغا خەشلەلمەيدۇ. ئەگەر ساتمايمەن، دەپ تۇرىۋال-
سىلا، ئۇ بۇ پۇلنى ئۆزۈملىرىدىكە بىر قارىۋېلىش شەرتى
بىلەنمۇ بېرىۋېتىدۇ. (ھەممە قاقاھلىشىپ كۈلىشىدۇ)

سەلەي باي: ئۇ ئالچە ئۆزاپ كەتمىدى، ئۇنى دەرھال
چاقىرىپ كېلىپ خەت - مور قىلىشىۋالمايلىمۇ.

موللام: بولىدۇ، قېنى بېرىپ چاقىرىپ كەلمەمسىلەر.
(موللام بىلەن كەلگەنلەرنىڭ بىرسى ھەمەن باراي دەپ
چىقىپ كېتىدۇ)

سەلەي باي: ئۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، مورە خەت پۈتكەندە،
ئىشنى تېز تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىق ئاخى-
قانە تەلەپلىرىنى ئىمزالىتىپ ئولتۇرماي، قىل سىغماي-
دىغان ھەقىقەت، دەپ يېزىۋەرسىلە. (خوشامەت كۈلكىلەر)

موللام: پېقىر بۇنداق ئىشنى تالاي ئەپلىگەن، خاتىر-
جەم بولسىلا.

(ئەپچىلەملەرنى چاقىرىشقا كەتكەن كىشى كىرىپ
كېلىدۇ:)

— ئۇ كىشى بىر قانچە ئاغىنىسى بىلەن پاراڭلىشىپ
ئولتۇرغان ئىكەن، كېلىۋاتىدۇ، (سەلەي ۋە باشقىلار جىد-
دىيلىشىپ ئەپچىلەملەر كېلىدىغان تەرەپكە قارىشىدۇ. ئەپچى-

لەم، روزىمەت قاتارلىق بىر قانچە ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كېلىدۇ. سەلەي باي قاتارلىقلار ئۇلارنى يالغان ھەيجىنىش، قۇرۇق تەكەللۇپلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ)

ئەپچىلەم: ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاقساقاللار!

مولام: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى سۇپىغا كېلىڭلار.

(باشقىلارمۇ سۇپىنى ئالتىپات قالىدۇ)

ئەپچىلەم: رەھمەت، بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ.

(ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن يەردە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ)

ئەپچىلەم: (جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ) ھەر قايسىلىرى بىزنى چاقىرتىپتىكەنلا.

مولام: پەلىيا خۇن بىلەن ئېكىنلىرىنىڭ دەيىشكەنلىرىدىن پېقىر تولۇق خەۋەر تاپتىم، كۆپ تالاش-تارتىش بىلەن پەلىيا خۇننى سىلى دېگەن يەرگە ماقۇل كەلتۈردۇق. ئەمدى بىزنىڭغا ئۆزلىرى نېمە دەيدىلىكى.

ئەپچىلەم: باي ئاكىمىز ماقۇل دېگەن بولسا، سودىمىز سودا بولسۇن، سىلى بىر خەت-مور قىلىپ بەرسىلە.

مولام: خەت-مورگە نېمىلەرنى يازساق بولاركىن؟

ئەپچىلەم: ئۇنچۇۋاقچە گېپىمىز يوق، پەقەت باي ئاكىمىز مەن ھەم ئاغىنىلىرىمنىڭ ئۆزىمە قېرىپ پۈتكىچە ئۆزىنىڭ سايىسىدىن قاچانلا بولسۇن ئەركىن، بىمالال پايدىلىن-

ئىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلىسىلا بولىدى.

موللام: خوپ سىلىچۇ سەلەيئاخۇن؟

سەلەي باي: ئەپچىلەمنىڭ شەرتلىرىدىگە تولۇق قوشۇلىدىغان‑
لىقىمنى يازسىلا، بۇنىڭغا مەن ۋە ئۇرۇق ئەۋلادىممۇ
ئەمەل قىلىدۇ.

موللام: خوپ ئەمىسە يېزىشنى باشلايمىز. (باي تەييار‑
لاپ قويغان قەغەز، قەلەم، سىيانى سۈپىدىكى جوزىغا
قويىدۇ. موللام بېشىنى سىگدىيان قىلىپ قومۇش قەلەمنى
ئىشقا سالىدو، ۋە ئۈزنى بىر ھازا غىچىرلاتقاندىن
كېيىن)

موللام: ئەمىسە خەت ‑ مور تەييار بولىدى.

سەلەي باي: قېنى ئەمىسە موللام باشتىن بىر ئوقۇپ باقسىلا.

موللام: ئەلۋەدۇ مەنەل ئىمان، بىزلەر بولساق شاھىت...
«تەخمىيى بىر مىڭ، ئىشىگى ئۈچيوز، توققۇمى ئونتوققۇز،
ماھى سەپەر خوشنىسىدا، باي غوجامنىڭ ھويلىسىدا...،
مەنكى سەلەي باي ھويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ
ئۈژمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇنغا ئۆز ئىختىيارىم
بىلەن ھازارى مەجلىس ئالدىدا توتيۈز تەڭگە كۈمۈچكە
ساتتىم، تاكى ئۈژمە قېرىپ يوقالغىچە ئۇنىڭ سايىسى‑
نى ئەپچىلاخۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىغىنە، ئۇرۇق‑
تۇققان، بالا ‑ چاقىلىرىمۇ ھەر قاچان، ھەر زامان، بىما‑

لال پايدىلانىلدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا پېقىر ۋە مېنىڭ ئەۋ-
لادىم دارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى ئالدىدا
دەۋاسى باتىل بولغاي...» (خەت ئوقۇلۇپ بولغۇشى
بىلەن ھەممىسىنىڭ يۈزىدە مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋە
قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىگە قاراپ باش لىڭشىتىدۇ)

سەلەي باي: مېنىڭچە بوپتۇ، قېنى ئەپچىلاخۇن نېمە دەيدىكەن؟!

ئەپچىلەم: قوشۇلدۇق.
ئاغىنىلىرى:

موللام: ئۇنداق بولسا، ئالغۇچى-ساتقۇچىلار بارماق-
لىرىڭىزنى بېسىۋېتەيلى، قېنى سەلەياخۇن ئالدى بىلەن
سىلى... (سەلەي باي بارمىقىنى سۇرۇققا تەككۈزۈپ
قەغەزگە باسىدۇ)

موللام: ھە، ئەمدى ئەپچىلاخۇن... (ئەپچىلەممۇ بارمىقىنى
باسىدۇ)

موللام: شاھىتلىققا ئۆزۈم... (موللاممۇ بارمىقىنى باسىدۇ)

موللام: ئەمىسە مۇبارەك بولسۇن ئەپچىلاخۇن، سىلىدەك
بىر ھاكىنىسىز ئادەمنىڭ باي غوجامنىڭ ئىشىگى ئال-
دىدا مۇلچىلىك مۈلۈككە ئىگە بولغىنى خۇدانىڭ
چوڭ ئىلتىپاتى. سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۆزىمىنىڭ سايىسى
ئەمەس، باي غوجامنىڭ سايىسى چۈشتى (كۈلكە)
(ئەپچىلەم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېلىدىكى تۇگۈچنى

يېشىپ بايغا بىر خالتا كۆمۈچ تەڭگىنى خالتا بىلەن تاشلاپ بېرىدۇ. يانچۇقىدىن بىر مۇنچە كۆمۈچ تەڭگىنى ئېلىپ مولامغا سۇنىدۇ)



ئەپچىلەم: مانا بۇ مورە ھەققى ئۈچۈن ئەللىك تەڭگە.

(موللام بىر قولىدا تەڭگىلەرنى ئېلىپ، بىر قولىدا مورە خەتنى ئەپچىلەمگە سۇنىدۇ، ئەپچىلەم مورە خەتنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ موللام قاتارلىقلارغا ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ)

ئەپچىلەم: رەخمەت، ھەممىڭلارغىمۇ.

موللام: پېشىن نامىزىغىمۇ ئاز قالدى، بىز قايتايلى.

سەلەي باي: ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىۋالمامدۇق.

موللام: رەخمەت. (موللام قاتارلىقلار باي بىلەن خوشلىشىپ قايتىدۇ) باي قەپەزدىكى شاتۇتنى ئېلىپ قوراسىغا كىرىپ كېتىدۇ، باي كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئەپچىلەم ۋە ئۆلىمك ئاغىينىلىرى قاقاھلاپ كۈلۈشىدۇ.

ئەپچىلەم: (قىزىقچىلىق قىلىپ) ئاغىينىلەر قېنى سايىغا مەرھەمەت! (ئاغىينىلەر خوشال كۈلۈشۈپ، سايىغا چاپانچارىلىرىنى تاشلاپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، بەزىلىرى ياسپاشلايدۇ)

روزىمەت: (قولىدا راۋاپ تۇتقان ھالدا قىزىقچىلىق قىلىپ) «ئوز ئۆيۈمنىڭ خوشاللىقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلىقى» دىگەن مانا مۇشۇ، ئاغىينىلەر قېنى تازا كېرىلىپ يېتىۋالايلى (كۈلكە)

ئەپچىلەم: (دىكلاماتسىيە قىلىپ)

بولسا ھەممە ئوزىنىڭ،
بولار ۋەزنى سوزىنىڭ.
يېغىننى يەر بۇ سايە،
سەلەي باينىڭ كوزىنىڭ.
(يەنە ھەممىسى كۈلۈشىدۇ)

روزىمەت: (دىكلاماتسىيە قىلىپ)

ھەجەپمۇ قىزىيدىكەن،
سايىدا پاراڭ - چۇقچۇق.
قىلغايمىز كېيىنىپ غەزەل،
باينىڭ بېشىنى ئوچۇق.

(ھەممە كۈلۈشىدۇ، روزىمەت راۋابىنى سازلايدۇ)

ئەپچىلەم: قېنى كېيىنە، بىزمۇ قوشۇلۇپ توۋلايلى. (باش - قىلارمۇ قولىلايدۇ، روزىمەت ناخشا باشلايدۇ، باشقىلار قوشۇلىدۇ، ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوتكەن - كەچكەن - لەرمۇ بىرلەپ - ئىككىلەپ كېلىپ سايىغا يىغىلىدۇ، ئادەم خېلىلا كوپىيىدۇ)

ناخشا:

بولدى جاننىڭ راھىتى،
چېقىر ئۇژمە سايىسى.
جىراڭلىسۇن - يېگىرىسۇن،
راۋابىمىز تارىسى.

(باي ئوكسۇلى ئوچۇپ يۇگۇرۇپ چىقىدۇ)

سەلەي باي: نىمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ؟ نىمە توۋلىشىسەن؟

ئەپچىلەم: ئۇژمە سايىسى ئاكاڭ قاردغاينىڭ، يەنچى باي غوجامنىڭ، سايىدا نىمە قىلسام ئىختىيار ئوزەمنىڭ.

(كۈلكە كوتىرىلىدۇ، باي لاۋلىرى تىترىگەن ھالدا

قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئاخشا داۋاملىشىدۇ)
مەلەي باي: (ھەممىگە كوز يۇگۇرتۇپ، گوز - گوزىگە) پىياز-
نىڭ پوستى كوپ، ئەخمەقنىڭ دوستى... بۇ كامباغەل -
نىڭ ئەۋلادى ئىتنىڭ قورۇتىدەك كوپ ئىكەن! (باي
داجىپ قوراغا كىرىپ كېتىدۇ. ئاخشا داۋاملىشىدۇ)
ئاخشا:

يۈتكىچە ئۆزمە قىرىپ،
ئۆزنىڭ سايىسى بىزنىڭ.
ئاق تەگكىگە ئالغان بىز،
يوقتۇر ھەققىڭىز سىزنىڭ.

(ئاخشا ئاخىرلىشىدۇ، ھەممە كۈلىشىدۇ. شۇ چاغدا
باينىڭ مالىيى ماخمۇت ئىككى تۇلۇق ئېسىلغان ئەپكەشنى
كوتەرگەن ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. سايىدا ياتقان ئەپچىلەم -
لەرنى كورۇپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ)
ئەپچىلەم: نىمىگە قېتىپ تۇرۇپ قالدىڭ؟
ماخمۇت: كېتىڭلار بۇ يەردىن، بولمىسا باي چىقىپ
كەيپىڭلارنى بۇزىدۇ. (ھەممە كۈلىشىدۇ)
ماخمۇت: (ئېھتىيات بىلەن) بۇ يەردە كولتۇرۇشقا جۇرئەت
قىلغىنىڭلارمۇ يېتەر، باينىڭ مۇجەز - خۇلقىنى بىلمەي -
دىغاندەك كۈلىسىلەرغۇ تېخى!
ئەپچىلەم: سېنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بۈگۈندىن

باشلاپ بۇ ئۈژمىنىڭ سايىسى بىزنىڭ بولدى.

ماخمۇت: ئۈژمىنىڭ سايىسى سەھرانىڭ بولدى، باي ئۆزىچۇ؟

ئەپچىلەم: باي ئۈژمە سايىسى ئۈچۈن بىز بەرگەن 400 تەڭگىنى سالىۋاتىدۇ. (كۈلكە)

ماخمۇت: نېمە؟! ئۈژمە سايىسىنى سەھرىگە ساتتىمۇ؟

روزىمەت: شۇنداق، بىز سېتىۋالدۇق.

ماخمۇت: (ھەيران بولۇپ) تووۋا دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىشلار بار دەڭلا! 400 تەڭگە تاپقان يەردە ياميشلاشقا بىرەر دەڭ بولسىمۇ تاپسالارچۇ. ئېيىت، باي كۆزۈڭلارغا توپا چېچىپتۇ.

ئەپچىلەم: ئۇكا ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ چۈشۈنمەسەن. باي بىزگە دوچىقتى، بىز 400 تەڭگىنى كورۈپكە قويدۇق، ئۇيۇن ئەمدى باشلىنىدۇ.

ماخمۇت: (بېشىنى ئېغىتىپ) بۇ ئىشنى ئۆزەڭلار بىلىسەڭلار، مەن چۈشۈنەلمىدىم. (ماڭماقچى بولىدۇ)

ئەپچىلەم: توختا، ئۆزەڭ نېمە قىلىپ يۈرۈسەن؟ كوتۇردۋالغىنىڭ نېمە؟

ماخمۇت: توقلۇق - شوخلۇق دىگەنىدەك، خوجايىنىمىز شەھەردىكى موتىۋەرلەردىن بىرنەچچىنى مېھمانغا چاقىرغان ئىكەن، بۇ شۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان مۇسەللەس.

ئەپچىلەم: ئۇلار قاچان كەلمەدىچى؟

ماخمۇت: ئەتە جۈمە نامىزىدىن كېيىن يېتىپ كېلەر.

(ئەپچىلەم: باشقىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ. باشقىلارمۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالىدۇ)

ماخمۇت: ئەجەب ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتىڭغۇ؟

ئەپچىلەم: بىزمۇ قىزىتىپ بېرەيلىمىكىن دەۋاتىمەن.

ماخمۇت: ئوغۇل بالىلىغىڭلارنى بىر كورسۇتۇپ قويىدىغان بوپسىلەردە؟! (كىرىپ كېتىدۇ)

ئەپچىلەم: ئېقىللىق نىمە دەيسەن.

ئەپچىلەم: (دەرۋازىغا چۈشكەن سايىغا كوزى چۈشۈپ) ھوي ئاپلا ئەكپەر... (ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ)

روزىمەت: نىمە بولدى؟

ئەپچىلەم: قارىمامسەن، سايىمىز دەرۋازىغا چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ.

روزىمەت: چۈشسە نىمە بوپتۇ؟

ئەپچىلەم: بۇ بىزنىڭ سايىمىز، بۇنىڭدىن بىزلا پايدىلىنىمىز. بايا شەلەي باينىڭ مۇشۇ سايىمىزنى دەسسەپ ئوتۇشگە ھەجەپ يول قويۇپتۇق، ئەمدى چىقىپ باقسۇن. (قورادىن باينىڭ يوتەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ھەممە جىم بولۇپ ئۇنى كۈتىدۇ، باي دەرۋازىدىن كورۇنىدۇ، ئەپچىلەم دەرھال تۇسايدۇ)

ئەپچىلەم: توختىسىلا باي ئاكا! پۇل كىمنىڭ بولسا، سا-
يىلىدىن شۇ ئۇزدىلا ئوتىدۇ.

سەلەي باي: ئەستەغپۇروللا، قارغۇنى ئار يەردە قىستاپ دى-
گەندەك، ما ئىشنىڭ قىيىدىشقىنىنى.... مەن... مەن پى-
شىن نامىزدىغا ئالدىراۋاتىمەن.

ئەپچىلەم: سەۋر قىلىسىلا باي ئاكا! بۇ سايە ئۇنداق-
مۇنداق سايىلاردىن ئەمەس، قىممەتلىكە يېتىپ ئوتسىلە
سىلىگە جەننەت ھوزۇرىنى بەخش ئېتىدۇ.

روزىمەت: پۇتۇشەلمىسەك (سىرتنى كورسىتىدۇ) مىچىتقا
كېتىۋاتقان ئاۋۇ كىشىلەرنى سالا - سۇلىغا سالىمىز،
بولامدۇ؟

سەلەي باي: (ئوگى ئوچۇپ) بولدى قوي، مەن پۇلۇمنىڭ
سايىسىدىن ئوتىمەن، قانچە ئېلىشىسەن؟ تېز گەپ قىل

ئەپچىلەم: ئەللىك تەڭگە بېرىدىلا.

سەلەي باي: مانا ئال! (باي چوگچىلىق قىلىپ يانچۇقىدىن
ئەللىك تەڭگە چىقىرىپ بېرىپ، ماگماقچى بولغىنىدا
ئۇنىڭ ئىككى بالىسى يۇگۇرۇپ چىقىدۇ)

باللار: دادا! دادا!

ئەپچىلەم: (تۇتىۋېلىپ) توختاڭلار غوجىلىرم، بۇ يەردىن
ئوتۇشكە بولمايدۇ.

باللار: نىمىشكە ئوتمەيدىكەنمىز، قويۇپ بەر بىزنى.

(باي ئەھۋالنى كورۇپ تومۇردەك كوكۇرۇپ كېتىدۇ)

سەلەي باي: توختا! ئۇلارمۇ ئوز پۇلىنىڭ سايىسىدىن ئوتسۇن.... ياق... ھە... ئەستەغپۇرۇللا... مۇنداق قىلايلى، سەن... سەن... دەرۋازىغا چۇشكەن مۇشۇ سايىنى سېتىپ بەر. (ئاغىينىلەر كۇلكىدىن ئوزىنى ئاران تۇتۇپ، ئېغىزلىرىنى قولى بىلەن تۇتۇشىدۇ)

ئەپچىلەم: كوزلىرى چۇشكەن بولسا، ھەممىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلماسلىققا كوڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. مەيلى سېتىپ بەرسەك بېرەيلى، قانچە بېرىدىلا.

سەلەي باي: بوپتۇ، يەنە ئەللىك تەڭگە بېرەي.

ئەپچىلەم: كام بولا.

سەلەي باي: كام بولغىنى نىمىسى؟ ھازىرلا 50 تەڭگە بەردىمغۇ.

ئەپچىلەم: (قاقاھلاپ كۇلۇپ) 50 تەڭگىنى خەشلەپ بولدىلا باي ئاكا، ئەمدى باشقىدىن سودىلىشىۋاتىمىز.

سەلەي باي: يەنە 5 تەڭگە قوشتۇم، بولدىما؟

ئەپچىلەم: كام بولا.

سەلەي باي: ئەمىسە زادى قانچە ئالىسەن؟

ئەپچىلەم: 100 تەڭگە بەرسىلە.

سەلەي باي: بۇ نىمە دىگەن جىق پۇل.

ئەپچىلەم: مەيلىلىرى باي ئاكا، بىز سىلىگە سايە ساتىمىز،

دېمىدۇق. بولمىسا ھەر قېتىم ئۆتكەندە ھازىرقىدەك 50 تەڭگە بېرىپ ئۆتۈشمىسە. (باشقىلار كۈلۈشۈپتىدۇ)

سەلەي باي: (تېخىمۇ تاتىرىپ) مەيلى، مانا دېگىنىڭنى قىل.

ئەمىسە شۇنداق بولىدۇ. مېنىڭ بالا - چاقام، ئەل ئا-غىنىلىرىم دەرۋازىدىن ئەركىن كىرىپ چىقىشۋېرىدۇ.

ئەپچىلەم: ئەمدى شۇنداق بولىدى - دە. (بۇ چاغدا دەرۋا-زىدىكى سايە ھويلىغا سۈرۈلگەن ئىدى)

ئەپچىلەم: ئاغىنىلەر! ئەمىسە ھويلىغا مەرھەمەت (ئاغىنىلەر باينىڭ قوراسىغا قاراپ ماڭىدۇ. باي ئۇلارغا قاراپ ھەيران قالىدۇ)

سەلەي باي: بۇ، يەنە نېمە گەپ؟

ئەپچىلەم: تەقسىر، سايىمىز ھويلىغا كىرىۋاپتۇ، شۇنى ئە-گىشىپ كېتىۋاتىمىز.

سەلەي باي: ھىم، بۇ مېنىڭ ھويلامغۇ؟

ئەپچىلەم: شۇنداق، ھويلا سىلىنىڭ، سايە بىزنىڭ. بىز ئۆز پۇلىمىزنىڭ سايىسىدا ئولتۇرىمىز. (ئەپچىلەملەر باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىدۇ، ھويلىدىن ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ياڭرايدۇ. سەلەي باي ئەلەمدىن لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكەنچە ئىككى قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ قېتىپلا تۇرۇپ قالىدۇ)

سەلەي باي: ئەستاغپۇرۇللا!

(پەردە چۈشىدۇ)

# 2 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنە تۈزۈلۈشى: باينىڭ گۈللەرگە تولغان ھويلىسى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كوچىدىكى ئۈژمىنىڭ شاخلىرى ساڭگىلاپ سايە سېلىپ تۇرغان شادىلىق ئايۋان. سول تەرىپىدە پېشايۋانلىق بىر قاچە ئېغىز ئوينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پېشايۋان ئاستىغا باينىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن بىر كارۋات قويۇلغان.

سەھەر ئورنىدىن تۇرغان پاتىمە چوگۈن بىلەن گۈللەرگە سۇ سەپمەكتە.

ناخشا:

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ
مېڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا
دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

(پاتىمە ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، قورا سۇپۇرىدىغان چوڭ سۇپۇرگىنى كوتەرگەن ماخمۇت سەھنىگە چىقىدۇ. ئۇ پاتىمەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەزدۈرمەي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ، ناخشىغا زوق بىلەن قۇلاق سالىدۇ. ئوز ئىشىغا قاتتىق بېرىلگەن پاتىمە ناخشىنى ئاياقلاشتۇرۇپ يانغا بۇ-

رۇلغاندىلا ماخمۇتنى كورىدۇ ۋە خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالىدۇ. ماخمۇت ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئۇلاپ ناخشا ئېيتىدۇ)

ناخشا:

يارنىڭ يولىگى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرىڭ زىلۋا،
شېرىن سوزلىرىڭ ئاندىن.

پاتىمە: (ناز بىلەن) ماختىماڭ.

ماخمۇت: (چاقچاق قىلىپ) «ئىككىنچى ئاخماق» بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ مېنىڭ كوزلىرىم ھەرگىز خاتا كورمەيدۇ.

پاتىمە: (ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ چاقچاق قىلىدۇ) مانا ئەمدى «بىرىنچى ئاخماق» بولدىڭىز.

(ماخمۇت پاتىمەنىڭ كېيىنىڭ تېگىگە يېتىپ قاقاھلاپ كۇلىدۇ)

ماخمۇت: ۋۇ شەيتان!

(قىز تەتۇر قاراپ كۇلىدۇ، ماخمۇت ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولىدۇ، قىز ئوزىنى قاچۇرىدۇ)

پاتىمە: قويۇڭ، باي كورۇپ قالسا، ئىككىمىزنى تىرىك كومىدۇ.

ماخمۇت: (كۈلۈپ) خاتىرجەم بولۇڭ، باي ئىككىمىزنىڭ بىر باشلىق بولۇشىمىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان بولدى.
پاتىمە: (ھەيران بولۇپ) نەدىكى يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز.
ماخمۇت: خۇدا ھەققى راس، باي ئاخشام مېنى چاقىرىپ شۇنداق دىدى.
پاتىمە: ئىشەنمەيمەن.
ماخمۇت: ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟
پاتىمە: باينىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيمەن.
ماخمۇت: قانداق دەيسىز؟
پاتىمە: گۈزەل سايىسىنى ساتقان باي قانداق قىلىپ بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلسۇن؟ باينىڭ كوڭلىدە باشقىچە يامان نىيەت بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە.
ماخمۇت: بۇ دىگىنىڭىز توغرا، ئۇ بىزنى ئومۇرلۇك قول قىلىش ھىيلىسىگە ئويلۇك قىلىپ قويۇشنى ئويلىشى مۇم-كىن. بىراق ئۇنىڭ بۇ غەرىزى ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ يەردە بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق. ۋاقتى كەلسە قاچىمىز.
پاتىمە: ياق، ئۇنداق تەۋەككۇل ئىش قىلىشقا بول-مايدۇ، بىز تاش ساندىغىچە، باي قوم سانايدۇ.
ماخمۇت: خالىسىڭىز بۇ ئىشتا ئەپچىلەم بىلەن مەسلى-

بەتلىشىپ كورىمەن.

پاتىمە: مەيلى، ئىشىمىز ئەپلىشىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

(بۇ چاغدا جەمىلە باينى قولتۇغىدىن يۆلەپ ئۆيدىن چىقىدۇ. پاتىمە ئۆزىنى دالىدىغا ئالىدۇ، ماخمۇت قوراسۇپۇرگەن بولۇپ كوزىدىن غايىپ بولىدۇ، جەمىلە باينى پەشايۋان ئاستىدىكى كارۋاتقا ئېلىپ كېلىدۇ. باي ئېغىر كېسەل بولغان ئادەملەك «ئاھ - ئوھ» لاپ ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلايدۇ).

جەمىلە: مۇشۇ ھالەت بىلەن بۇگۈنكى مېھمانلارنى قالداق كۆتىدىلا، تۇرسىلا، روھلىغاراق بولسىلا، ئانچە - مۇنچە ھەركەت قىلسىلا تۈزۈلۈپ كېتىدىلا، (دەل شۇ چاغدا كوچا تەرەپتىن «خىت - چۇ» دىگەن ئاۋاز ۋە كىشىلەرنىڭ گەپلىشىشلىرى ئاڭلىنىدۇ)

جەمىلە: (چۇچۇپ) يەنە كەلدى ئۇ ئەسكىلەر.

(باي ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياقىسىنىڭ تۇگمىلىرىنى بوشۇتىدۇ، دەل شۇ چاغ كوچا تەرەپ ن راۋاپقا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

ناخشا:

ئۇژمە سايىسى سالقىن،
راۋاپنى خوشال چالغىن.

تورت يۈز سەر كۈمۈش تەڭگە-
بەردىدىن ھۈزۈر ئالغىن.

(باي غەزەپ بىلەن چوك-چوك قەدەم تاشلاپ، ئۇيان-
بۇيان ماڭىدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھەم ئىچ
ئاغرىتقان ھالدا يەر ئاستىدىن تىكىلىپ قارايدۇ)

سەلەي باي: بۇ نىمە دىگەن قامالاشمىغانلىق، بارمۇ ماڭا
زادى ئاراملىق.

جەمىلە: گادايىنى ھورمەت قىلىساڭ چوردىغى بىلەن توگە
چىقىدۇ، دىگەن شۇدە ھەممىنى قىلغان سىلىدىكى نا-
دانلىق. (باي خوتۇنىغا ھومۇيىدۇ، شۇ چاغدا باينىڭ
باللىرىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

سەلەي باي: قارا، باللارغا نىمە بولدى. (جەمىلە ئالدىراپ
بىرنەچچە قەدەم ئېلىشىغا، باللىرى يىغلىغانچە، تالا-
دىن كىرىپ كېلىدۇ. جەمىلە بېرىپ ئۇلارنىڭ يېشىنى
سۈرتۈپ)

جەمىلە: ۋاي ئالتۇن قوزىلىرىم، نىمە بولدى، كىم
ئۇردى سىلەرنى؟

بالا A: (يىغلاپ) ئۇژمە تۈۋىدە ئولتارغان ئېشەكچىلەر
سايىغا يېقىن كېلىشمە، ھارىسىلا دەپ تىلى-
لىدى. ھە... ھە... ھە...

بالا B: ئۆژمىگە چىقمىز دىسەك، سايە يوق يەردىن چىقىش. دىدى، دادام قېنى! ھە... ھە...!

جەمىلە: ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان گادايلار... ئەمدى ئۇلۇپتۇق، ھەممىنى قىلغان ئەشۇ داداڭلار، پۇل دىسە بىزنىمۇ سېتىشتىن يالتايمايدۇ. يىغلىماڭلار ئاخۇنۇم باللىرىم، خەپ ئەنتىڭلارنىمۇ ئالارمىز.

(ناخشا ئاۋازى ۋاڭ - چۇڭنى بېسىپ داۋاملىق ياڭراپدۇ)

ناخشا:

ۋاللاپ كۈمۈش تەڭگە،
باينى زەپ قىزىقتۇردى.
كوزىنى خىرە ئەيلەپ
ئەقلىدىن ئېزىقتۇردى.

(جەمىلە باللىرىنى يېتىلەپ باينىڭ قېشىغا كېلىدۇ، باي بىر پۈتى بىلەن كارىۋاتنى دەسسەپ، بىر قولى بىلەن ئىڭىكىنى يولىگەن ھالدا تەتۈر قاراپ تۇرىۋالىدۇ)

جەمىلە: «ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق» دىگەن مانا مۇشۇ، پۇل - پۇل دەپ نەدىكى قەلەندەرلەرگە ئائىلىمىزنى بوسۇنچۇق قىلىپ بېرىپ ئىڭىكىنى يولەپ تۇرىدۇ تېخى. (ئايال باينىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇرىسىدىن تۇ-

تۈپ ئۇزىگە قارىتىلدۇ) بۇ گادايلارغا بىرنىمە دېسىلە
ئەمدى!

سەلەي باي: (تەرىنى تۈرۈپ) خوتۇن! بۇ... بۇ...

جەمىلە: (يۈزىنى ئاقىنى بىلەن ئېتىپ يىغلايدۇ) بۇ
نىمە دېگەن ئاھانەت.

سەلەي باي: (ھودۇقۇپ) بولدى قىل خوتۇن!

جەمىلە: (بايغا تىكىلىپ) ئېشەكچىلەرنى قوغلىمىسلا، بول-
مىسا مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن.

سەلەي باي: ھوي... بۇ... بۇ...

جەمىلە: كېتىمەن، دىلدىم زادى كېتىمەن. ئەشۇ ئېشەك-
چىلەرنى ئۆيگە ئەكىردۇالامىلا، ياكى سىلىمۇ ئەشۇلارغا
قوشۇلۇپ ئېشەك بولۇپ ھاگراملا، نىمە قىلىسىلا مەي-
لىلىرى. (بىر نىمىلىرنى ئېلىپ بوپا قىلىپ سىرتقا
قاراپ ماگىدۇ. ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىنى توسايدۇ)

بالىلار: ئاپا كەتمە! ئاپا كەتمە!

جەمىلە: (بالىلىرىنى ئىتتىرىپ) مېڭىش، سەنلەرنىمۇ
ئېشەكچىلەرگە بەردىم.

بالىلار: ئېشەكچىلەر بىزنى ئۆزىگە چىقارمايدۇ. ھە...
ھە... ھە... (ئاپىسىغا ئېسىلىدۇ، دەل شۇ چاغدا ماخ-
مۇت كىرىپ كېلىدۇ-دە، ئەھۋالنى كورۇپ تېگىرقاپ
قالىدۇ، كېيىن بايغا قاراپ)

ماخمۇت: باي ئاكا! مېھمانلار كېلىۋاتىدۇ. (باي بىلەن ئايالى تەڭلا چوچۇپ كېتىدۇ)

سەلەي باي: ھە، نىمە دەيسەن؟

ماخمۇت: شەھەردىن چىقىدىغان مېھمانلار كېلىۋاتىدۇ.

جەمىلە: مانا ئەمدى ئېشەكچىلەر يۈزىمىزنى يەر قىلىدىغان بولدى. تويىمىزلا بۇلغا.

سەلەي باي: (بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن ماخمۇتقا قاراپ) ئۇكا، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ كوركىنە بۇگۈنچە كېتىپ تۇرسۇن.

ماخمۇت: (ھەيران بولۇپ) نىمە؟ مېھمانلارنى دەمدىلا؟

سەلەي باي: ياق، ئاۋۇ ئەپچىلەم دىگەن بىكار تەلەتلەرنى دەيمەن.

ماخمۇت: (كۈلۈپ) ھە، ئۇلارنى دەمدىلا... ئۇلار نەۋاق كەتكىنى.

سەلەي باي: (ئالدىراپ) شۇنداقمۇ؟ راس دەۋاتامسەن؟

ماخمۇت: راس، سايىدا بىر ئازلا ئولتۇرۇپ كېتىشىپ قالدى.

سەلەي باي: (چىرايى ئېچىلىپ) ھەجەپ بەلەن ئىش بوپتۇ. قېنى خوتۇن سەنمۇ كىيىمىڭنى ئالماشتۇر، تەييارلىق كورەيلى. ماخمۇت سەنمۇ شادىلىق ئايۋانغا كېلەملەرنى ئەپچىقىپ سال.

(ھەممە ھەر تەرەپكە يۈگرەيدۇ، سىرتتىن مەيدانغا
ئېيسىلغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كوپ ئوتمەي
بىرقانچە مېھمان باي بىلەن دۇتتار، تەمبۇر، غىجەك-
لەرنى كوتەرگەن سازەندىلەر كىرىپ كېلىدۇ)

مېھمان A: قورادا ھېچقايسىسى يوققۇ؟! ھەي سەلەيباخۇن!
(سەلەي باي ئويدىن چىقىپ خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن
مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ)

سەلەي باي: ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك مېھمانلار، خوش
چىقىشىپتىلا.

مېھمان A: ھوزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلىنغىنىمىز ئۈچۈن
ئىنتايىن خوشالمىز. (تەكەللۇپلار)
(بۇ چاغدا ماخمۇت چەبدەسلىك بىلەن شادلىق ئاي-
ۋانىنى تۈزەشتۈرىدۇ، باينىڭ ئايالى يۈزىنى ياغلىق
بىلەن يېپىپ تۇرغان ھالدا مېھمانلارغا غىل-پال
كورۈنۈپ قويۇپ كىرىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئۈنىڭغا
لاپ ئېتىپ قارايدۇ.)

سەلەي باي: ھەر قايسىلىرىنىڭ مەندەك بىر سەرالىق ئا-
دەمنىڭ كوڭلىنى ئىزدەپ قىممەتلىك ۋاقىت سەرپ
قىلىپ چىققانلىرىغا مىننەتدارمەن.

مېھمان B: سىلىدەك بىر ئۇلۇق يۇرت موتىۋەرىنى زىيارەت
قىلىش بىز ئۈچۈن ھەرەمگە بېرىپ كەلگەنگە باراۋەر.

سەلەي باي: شۇنداق ئېقىللىق گەپلەر سىلەردەك ئېقىللىق ئادەملەرنىڭلا ئېغىزىدىن چىقىدۇ. كوڭلۇڭلەرگە رەخمەت. قېنى ئايۋانغا مەرھەمەت.

(سەلەي باي، مېھمانلار شادلىق ئايۋانغا چىقىپ تورۇ-دىن ئورۇن ئالىدۇ، سازەندىلەر تووەندىرەك جايدىن ئو-رۇن ئالىدۇ، ماخمۇت ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەن - گېزەك، نان - چاي كەلتۈرىدۇ)

سەلەي باي: ئەمىسە چاي - پايغا بېقىشايلى. مەن سىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە مۇسەللەس تەييارلاتقۇزدۇم، چايدىن كېيىن مەززە قىلىشىمىز.

مېھمان A: مۇسەللەس چاي - پاي بىلەن بىللە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مانا بۇ يىگىتلەر ئىشتەي نەغمىسى قىلىشقا ئالدىراپ تۇرىدۇ. (مېھمان سازەندىلەرنى ئىما قىلىدۇ، سازەندىلەر تەستىقلىگەندەك باش لىڭشىتىدۇ)

سەلەي باي: ناھايىتى ياخشى، قېنى ماخمۇت، مۇسەللەس، كاۋاپلارنى كەلتۈر.

ماخمۇت: خوش. (ئىچكىرى كىرىپ كېتىدۇ)

مېھمان B: سەلىياخۇن، كۆڭلىرى جەننەتتەك ئوتۇۋېتىپتۇ.

سەلەي باي: خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، قولۇمىزۇ ئۇزۇن، لېكىن بۇ يىل ياز بويى بىر تېمىمۇ يامغۇر ياغماي ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، بىراق پېقىرنىڭ ئامبىرى يەنىلا

يىر ىملاپ قالمىدى. ھى. ھى ھى. ھى.

مېھمان A: گوزلىردىمۇ ئامەتلىك ئادەم - دە.

سەلەي باي: سەھرالىقلار گەرچە ئاشلىق ئىشلەپچىقارسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئەنە شۇ ئاشلىقنىڭ قۇلى. ھەر تال دان، ھەر تىيىن سۇ ئۇلارنى ئۇزۇلمەس زەنجىر بولۇپ باغلاپ تۇردىۇ. ئەپ ئەنە شۇ زەنجىرنى بوشاتماي چىڭ تۇتۇشتا.

مېھمان B: دۇرۇس، بۇ ناھايىتى توغرا.

سەلەي باي: مەن ئەنە شۇ زەنجىرنى چىڭ تۇتىمەن. ئىشى-لەر مەندىن ئۇرۇقلۇق، ياكى گوزۇقلۇق ئۇچۇن ئاشلىق قەرز سورىسا بىرىمەن. كۇزدە بولسا، بىرنى ئىككى قىلىپ ئالىمەن.

مېھمان A: ئامبار شۇنىڭ ئۇچۇن يىرىملاپ قالمايدۇ دىسىلە؟

سەلەي باي: شۇنىڭ ئۇچۇن تەبىئەت كەلتۇرگەن ئاپەت، مەن ئۇچۇن ئامەت. يەنى مەسىلەن: دىخانلارنىڭ ئۇن-دۇرمە بولغان ئاشلىقلىرىنى بوران ئېلىپ كەتسە، تو-لۇقلاپ تېرىشتا مەندىن ئۇرۇقلۇق ئاشلىق قەرز سو-رايدىغانلار كوپىيىدۇ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، مايسىلار تېز سولاشسا، شۇنىڭ باھاسىنىمۇ ئوستۇرەلەيمەن. ھى. ھى. ھى.

(باشقىلارمۇ باينىڭ پەمىدىن رازى بولۇپ ھىجىيىدۇ. ماخمۇت بىر چوگۇن مۇسەلەس بىلەن بىر لىگەن كاۋاپ

ئېلىپ چىقىلدۇ. ھەممە بەس - بەستە مۇسەللەس ئېچىپ، ك.ۋاپ يېيىشىدۇ. ماخمۇت سازەندىلەرنى ئاپىردىم كۆتىدۇ)

مان A: قېنى ئەمىسە ساز - پازمۇ مېڭىپ تۇرسۇن. تومۇراخۇن باشلىۋامسىلەر! (ھەممە شۇنداق قىلايلى دېيىشىدۇ. سازەندىلەر سازلىرىنى قوللىرىغا ئالىدۇ) ن.ۋانىڭ 3 - داستانى ئېيتىلىدۇ.

ئاقچە كورۇك، غەمسىز باشىم غەمخانە بولدى نەيلەيمەن.
بىر سىز بىلەن ئ.شنا يايىردىم بىگانە بولدى نەيلىيمەن،
مەن كەلدىم يارنى سوراغلاپ، يار قاچتى مەندىن يىراقلاپ،
يۈرەگىمنى ئوتقا داغلاپ پىنھانە بولدى نەيلىيمەن.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

(ن.خشا رىتىمغا تەڭكەش قىلىپ، بەزىلەر چاۋاك چالسا، بەزىلەر باش لىڭشىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى چايقىلىدۇ، داستان ئاخىرلىشىپ مەرغۇلغا يوتكەلگەندە شەھەرلىك مېھمانلاردىن خىلىلا كەيىپ بولۇپ قالغان بىر ياش يىگىت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. مېھم.نلار ئۇنى ماختىشىدۇ، سەلەي باي ھ.يا-ج.نلىنىپ ئ.غزى قۇلىقىغا يەتكىچە ھېجىيىپ يىگىتنىڭ چاققان ھەركەتلىرىگە كوز تىكىدۇ. ئۇسۇلچى يىگىت

باشقىلارلى تارتىلدۇ. يەنە بىر ئىككى ياش ئۆينايدۇ.
سەلەي باي ئۇلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئورۇيدۇ، گارلىقتا
ماخمۇت چىقىپ سەلەي بايغا تاماق تەييار بولغانلىقىنى
ئۇقتۇرىدۇ، مەشرەپ ئاياقلىشىدۇ)
سەلەي باي: (قولىغا پىيالە ئېلىپ) هورمەتلىك تەقسىرلەر،
تاماق تەييا بولۇپ قاپتۇ، تاماق كەلگىچە بىرەر پىـ -
يالىدىن مۇسەللەس ئوتلىۋالايلى، قېنى كوتىرەيلى.
(هەممە خوشال - خورام ئىچىدۇ، تاۋاق - تاۋاقتا گوش
بېسىلغان پولۇ ئېلىپ چىقىلىپ داستىخانغا قويۇلىدۇ)
سەلەي باي: (تەكەللۇپ قىلىپ) قېنى مەرهەمەت قىلىپ ئاشقا
باقايلى! (مېهمانلار گەمدىلا پولۇغا قول سۇنۇشىغا
گەپچىلەم ئاغىينىلىرى بىلەن چاك - توپا باسقان چاپان-
چورۇقلىرىنى كوتىرىشىپ كىرىپ مېهمانلارنىڭ بېشىغا
كېلىپ تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نىمىگە كەلگەنلىكىنى
بىلگەن سەلەي باي سۇپىدىكى سايىغا بىر قاراپ قې -
تىپ قالىدۇ. مېهمانلار هەيران بولۇپ قالىدۇ)
مېهمان A: قېنى سەلىياخۇن ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىر نەرسە
دىمەمدىلا، چاك - توپا باسقان تىلەتىنى بىزگە كور-
سەتمىسۇن.
مېهمان B: مالايلارنىمۇ شۇنداق بىسەدەپ ئۇگەتكەن بارمۇ؟
مېهمان C: نىمانچىلا گەپ قىلالماي قېتىپ قالدىلا، تۇ-

كىتەلمەيدىغان قەرزلىرى بارمىدى يا؟!

سەلەي باي: خۇدا ھەققى ھەر ئىش بولسا كېيىن سوزلىشەيلۇق، ئەپچىلاخۇن! قېنى سىلەرمۇ مېھمان ئايەردە ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ داستىخان سالسۇن.

ئەپچىلەم: باي ئاكاملارنى نەدە مېھمان قىلسىلا - قىلسىلا بىز سىلىدىن داستىخان سېتىۋالمىدۇق. ئاغىينىلەر چاپان - چورۇقلارنى سۇپىنىڭ سايە چۈشكەن ھەرقايداق يېرىگە تاشلاشقا بولىدۇ. ئېشەكلەرنىمۇ ئېلىپ كىرىڭلار!

(ئاغىينىلەر چاك - توپا باسقان چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، سۇپىغا تاشلاپ تۇپا توزۇتىدۇ)

مېھمان A: (سەسكىنىپ) ئاش ھارام بولدى، ئاش ھارام بولدى......

ئەپچىلەم: ئاش ھارام بولسىمۇ چاغلىق گەپ، لېكىن بىزنىڭ توت يۈز تەڭگىلىك سايىمىز ھەر قايسىلىرىنىڭ ئامىتىدا قېلىپ ھارام بولغىنى يامان بولدى.

مېھمان A: ھە، ئىش مۇنداقمىدى، شۇنداقمۇ سەلىياخۇن؟

(سەلەي باي گەپ قىلالمايدۇ)

(ھەر خىل غودۇراشلار)

— سەلىياخۇننىڭ كارامىتى ئاشكارا بولدى.

— بۇ ئىشتا سەلىياخۇنغا بولاشقىلىمۇ بولمىغىدەك.

— ئاستا كېتىۋالايلى.

سەلەي باي: ھەر ئىش بولسا كېيىن سوزلىشەيلۇق، كېيىن سوزلىشەيلۇق ئەپچىلاخۇن، مەن سىلەرنى رازى قىلسام بولمىدىمۇ، ۋوي مېھمانلار قوپۇشتىلىغۇ.

مېھمان A: خوش سەلىياخۇن بىز كېتەۋالايلى.

سەلەي باي: بۇنداق قىلساق بولمايدۇ.

(مېھمانلار چىقىپ كېتىدۇ، تالادىن مەپىلەرنىڭ تاراقلىشى ۋە قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئاستا - ئاستا يىراقلىشىدۇ. سەلەي باي ئەجگىلىرى تالاشىپ ئوگدىسىغا يىقىلىدۇ. باينىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى ئۆچقاندەك يۈگرەپ كىلىپ باينى يولەيدۇ، ئەپچىلەملەر قاقاھلىشىپ كۈلىشىدۇ. (پەردە چۈشىدۇ)

## 2 - پەردە 2 - كورۇنۇش

كېچە: ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئارقىسىدىن كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان ئاي ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

چىراقلار يېقىلغان پىشايۋاندا سەلەي باي ئەسەبىلەشكەن ھالدا ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ. يىراقتىن بالىلارنىڭ باينى مازاق قىلغان قوشىغى ئۈزلۈكسىز ياڭراپ تۇرىدۇ.

قوشاق:

چىقىر ئۈژمە سايىسىنى
ئاق تەگكىگە ساتقان باي.

هويلىسىدىن چىقالماي

چاشقان بولۇپ ياتقان باي.

(باي ئېغىمۇ غەزەپلىنىپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋاتقاندا پىشايۋانغا ئېسىلغان شاتۇتى ئۇشتۇمتۇت سايراپ كېتىـ ـدۇ. باي چوچۇپ ئۇنىڭغا قارايدۇ، شاتۇتى قەپەزنىڭ تاملىرىغا گوزىنى ئۇرۇپ، بايغا قاراپ يۇقۇرىدىكى قو- شاقنى تەكرارلايدۇ. باي خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاند- لەك قىيابەت بىلەن)

سەلەي باي: هە... مېنى مازاق قىلىغان سەن قېلىۋېدىڭ!
(شاتۇتىنى قەپەز بىلەن قولىغا ئېلىپ بېشىدىن يۇقۇرى كوتىرىپ يەرگە ئاتىدۇ، شاتۇتى ۋىچىرلاپلا جان بېرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆيدىن باينىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىدۇ)

جەمىلە: نېمە بولدى سىلىگە، ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ؟

سەلەي باي: نېمە چاتىغىنىڭ، ماڭ ئۆيگە كىنى ئۇخلا.

جەمىلە: (ئاچچىغلاپ) بۇ بالا ـ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىچۇ، مېنىڭ ئاردىلاشمىغانلىقىمدىن بولدى، ئەمدى ئارىلىشىـ ـمەن. ئېيتىسىلا نېمە ساراڭلىقلىرى تۇتىۋاتىدۇ؟

سەلەي باي: ماڭا ئارام بېرەمسەن ـ يوق؟ سېنىڭ غەۋغالىـ ـرىڭسىزمۇ تارتىۋاتقانلىرىم يېتىپ ئاشىدۇ.

جەمىلە: ھە، مېنىڭمۇ خۇلۇم ـ خوشنىلارغا كورۇنۇپ باقـ ـمىغىنىمغا كۆپ كۈن بولدى. سىلىنىڭ ئاخىرقانە ئىشـ

لىرى تۆپەيلىدىن خەلقى - ئالەم ئالدىدا ھەر بىر قە-
دىمىنى يەرگە ئەمەس، كۆزەمنىڭ يۈزىگە دەسسىگەن-
دەك بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

سەلەي باي: خوتۇن مېنى نىمانچە قىيناپدىغانسەن.

جەمىلە: مۇشۇنداق قىينىلىدىغانلىقلىرىنى بۇرۇن نىمىشكە ئويلىمىغان؟ مېنىڭمۇ ئىچىم دەتكە تولۇپ كەتتى. (كوز يېشى قىلىدۇ)

سەلەي باي: خوتۇن، ئۈنىڭنى پەس قىل، باللار ئاڭلاپ قالسا بىئارام بولىدۇ.

جەمىلە: مەيلى ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن، يىغلايمەن... مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ھو... ھو... ھو. (ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ، ئۈنىڭ ئاۋازىدىن ئىككى بالىسى ئويغىنىپ كوزلىرىنى ئۇگىلاپ چىقىپ كېلىدۇ. باي دەرھال يۈ-گۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى قايتىپ كىرىپ ئۇخلاشقا ئۈندەيدۇ)

سەلەي باي: مېنىڭلار باللىرىم، كىرىپ ئۇخلاڭلار.

باللار: ئاپام نىمىشكە يىغلايدۇ؟

سەلەي باي: ئاپاڭلارنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ قاپتۇ.

جەمىلە: (غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ) ساراڭ دىگەن سىلى. ئەكەسىلە باللارنى سىلىنىڭ ھەققىلىرى يوق. (جەمىلە باللارنى باشلاپ ئويگە كىرىپ كېتىدۇ، شۇ

ئەسنادا ئەپچىلەملەر دەرۋازىدىن كىرىپ ئويىنىڭ ئار-
قىسىغا ئوتۇپ كېتىدۇ. يالغۇز قالغان بىي ئويان - بۇ-
يان مېڭىپ بۇگۇلۇككە يامپاشلايدۇ. ئويىدىن جەملە
ئالاقىزادىلىك ئىچىدە يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.)

جەملە: ئوگزىدە بىر نىمىلەر مېڭىۋاتىدۇ.

سەلەي باي: (چوچۇپ) هە، ئەملى نىمە گەپنى تاپتىڭ؟!

(باينىڭ كېپى ئاخىرلاشماي ئوگزىدىن يەڭگىل كۈلكە
ۋە كۈدۈڭلاشلار ئاڭلىنىدۇ. باي بىلەن ئايالى هاڭ-
تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئوگزىدىن ئەملى راۋاپنىڭ
تاراڭشىغان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ناخشا ياڭرايدۇ)

ناخشا:

ئاي نۇرىغا چومۇلدى،
زېمىن ئاسمان - ئارىسى.
ئېلىپ چىقتى ئوگزىگە،
بىزنى ئۈژمە سايىسى.

(باي تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ ئوگزىگە قويۇلغان شوتىغا
يامىشىدۇ. يۇقىرى ئورلەپ، ئوگزىگە بىر قاراپ قاتتىق
چوچۇپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالىدۇ. كېيىن ئوزىنى
توختىتىپ)

سەلەي باي: بۇ... بۇ... قانداق يولسىزلىق. چۈشۈش ئوگ-
زەمدىن! (ئوگزىدىن ئەپچىلەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

ئەپچىلەم: بىز ئۆزىمىز سېتىۋالغان سايدا ئولتاردۇق، باشقا كىشىلەر يوق، كىرىپ ئۇخلاۋەسىلە تەخسىر.
(ئوگزىدىن كۆلكە كوتىرىلىدۇ)
سەلەي باي: ھىم. ئۇخلاۋەرسىلەمىش، مەن ئۇزۇمىنىڭ ئاي-
دىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان.
ئەپچىلەم: چۈشەكەپلا تەقسىر. ئويلىرىگە كىرىپ موردىخەتكە قاراپ باقسىلا، «بىمالال»، «ھەر قاچان»، «ھەر زامان» دىگەن يەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇسىلا. (ئوگزىدىن يەنە كۆلكە كوتىرىلىدۇ)
سەلەي باي: (دۇدۇقلاپ) ئەمىسە ئۇزۇمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئوزەمگە سېتىپ بەرسەڭلەر.
ئەپچىلەم: بۇ تېپىلغۇسىز سايىنىڭ قىممىتىگە يېتەلەيدى-
غانلىقلىرىنى ئالىقاچانلا بىلەتتىم، قارىسىلا! بۇ سايى-
نىڭ تەكشى سالقىنلىقلىغىنى، بۇ يەرگە سۇ سېپىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. كوزلىرى چۈشكەن بولسا، مەيلى ساتساق ساتتۇق.
(يۇقۇرىدا بولىۋاتقان گەپلەرنى ئۈن-تۈنسىز تىڭشاپ تۇرغان جەمىلە چىدالماي ئاخىرى گەپكە ئارلىشىدۇ)
جەمىلە: ۋوي تېجىمەل ئېشەكچىلەر! ئۇششۇق ياللاكتۇش-
لەر، كىمنىڭنى ئاخماق قىلىسەن، ئۇسۇرۇقنى قاپاققا ئالغاندەك سايىنى سودىلىشىۋاتقانلىقىنى قارا، چۈشۈش

ئوكزىدىن.

روزىمەت: خالاچا! سودا دىگەننى ئوغۇلبالىنىڭ ئوغۇلبالىسى قىلىشىدۇ، ئوتكەنكى 400 تەڭگە سەپىرالىرىغا تەگمىگەن بولغىدى؟ (كۇلكە)

جەمىلە: (گەپ تاپالماي) خەپ، سەللەرىڭ شۇ تىللىرىڭنىچۇ قازىغا ئەرز قىلىپ، ئوپكىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ يۇلدۇرۇۋاتمايدىغان بولسام.

ئەپچىلەم: شۇ چاغدا مور خەتتىكى «بۇنىڭغا»، «پىقىر» ۋە مىنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ، دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرگى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي دىگەن جۇملىلەرگە ئۇسۇل ئويناپ بىرەلدىلا؟ (يىڭە كۇلكە كوتىرىلىدۇ)

سەلەي باي: بولدى خوتۇن، بۇ تىجىمەللەر بىلەن پەقەت پۇللا سوزلەشسۇن، ئېيتىش، قىنى قانچىگە ساتىسەن؟

ئەپچىلەم: 250 تەڭگە بىرىدىلا تەقسىر.

سەلەي باي: ۋۇي، ئۇنداقتا 400 تەڭگىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالغان بولمامسىلەر؟

روزىمەت: ئۇنچىلىك پايدا ئالمىساق، سايە كىلىپ، سايە سىتىپ ئاخماقمۇ بىز ؟!

(يەنە كۇلكە كوتىرىلىدۇ)

سەلەي باي: (يالۋۇرۇپ) ئۇكىلىرىم، ئىنساپ قىلىڭلار، كىـ

شىنى مۇنچىلىك كويلۇرۇۋەتمەڭلار.

ئەپچىلەم: سىلىنىڭ كۆيۈشلىرى سايە قولدىن چىقىپ كەتكەنلىدىن كېيىن بولسا كېرەك، سايىغا يېقىن كې-لەلمەي يۈرگەن چاغلىرىمىزدا بىزمۇ تومۇزدا تازا كويگەن. (يەنە كۈلكە)

سەلەي باي: ئوزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. مەيلى، ئېلىش شۇ 250 تەڭگىنى، كوزۇمدىن يوقۇلۇشساڭ بولدى. مە!

(يانچۇغىنى ئاختۇرۇپ تەڭگىلەرنى ساناپ ئۇزىتىدۇ)

ئەپچىلەم: رەنجىمىسىلە، باي ئاكا، خۇدا ئۇژمىنى ئورنىدىن يوق قىلىۋەتمىسىلا ئۇژمە ئوزى قېرىپ يوقالغىچە كو-ڭۇللىرىنى يەنە ئۇرغۇن قېتىم ئېلىۋالىمىز. (يەنە كۈلكە)

سەلەي باي: بولدى، گەپ سېتىشماي چۇشۇش!

(باي شۇتىدىن چۇشىدۇ. ئەپچىلەملەرمۇ سەھنىدە پەيدا بولۇپ باي ھەم ئۇژنىڭ ئايالىغا قاراپ ئوڭ قولىنى كوكسىگە ئالغان ھالدا چوڭقۇر تازىم قىلىپ خوشلۇشۇپ چىقىپ كېتىدۇ) ئوزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان ئايال كېلەڭسىز بەدىنىنى چايقاپ، غۇدۇڭشۇپ ئويگە كىرىپ كېتىدۇ)

سەلەي باي: (ئويان - بۇيان مېڭىپ، ئوز - ئوزىگە) تووۋا، بۇ نىمە كارامەتوي! ئاھانەت، مەسخىرە، چىقىم.....

ئۇنىڭ ئۈستىگە گادايلارنىڭ بۇگۈن كېچە بېشىغا چىد-
قمىۋالغانلىقى، ئۆزىمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئو-
زەمگە سېتىپ پۇلىنى تامامەن قايتۇرۇۋالغانلىقىچۇ......
ئاھ، خۇدا! يۈرەك- باغرىم خۇن بولۇپ كەتتىغۇ! ئۆز-
مىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسى توغرىسىدىكى ئىش سوز-
چوچەك بولۇپ كەتسە، شادلىق ئايۋاندا مېھمان ئو-
زاتقانلىقىمنىمۇ ئارتۇق مەسخىرىگە قالارمەن، ئاھ.
قانداق قىلىش كېرەك، ئاخماقلار ئۆزىمە قېرىپ پۈتكىچە
يەنە تالاي كارامەتلەرنى كورسىتىدىغانلىقىدىن بىشا-
رەت بېرىپ قويۇپ كەتتى، يۇرت- شەرگە ئالدىدا
شەرمەندە بولۇپ يۈرەمەنمۇ، بولدى ھەممىسىدىن كېچى-
شىم كېرەك، يۇرتنى بۇ گادايلارغا تاشلاپ بېرىپ،
بالا- چاقىلىرىمنى ئېلىپ يىراققا قېچىشىم كېرەك،
بولدى كەتتىم.

(پەردە چۈشىدۇ)

## 2- پەردە، 3- كورۇنۇش

سەھنە تۇزۇلۇشى: ئالدىنقى كورۇنۇشكە ئوخشاش.
گۇل قەقەلىرى ئېچىلغان ماخمۇت بىلەن پاتىمە گۇل-
زارلىقنى ئايلىنىپ ناخشا ئېيتماقتا.

پاتىمە: يۇرەك ئوينايدۇ شاتلىقتىن،
ھەجەپ ئەركىن، ھەجەپ خۇشمەن.
گويا پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان،
پايانسىز كوكتىكى قۇشمەن.

ماخمۇت: بىردىلدى جايىدا پەشۋا،
رەزىل، پەسلىكگە باينىڭ.
خەلققە قالدى چوك ئۇژمە،
چومۇپ ئۇردىغا كۈن - ئاينىڭ.

بىرلىكتە: بولۇپ ھەغداسى بۇ ئىشنىڭ،
رەزىل باي تەقدىرىن كوردۇق.
ئۇنىڭ ھالاكىتى بىلەن،
كېلەچەك زوقىنى سوردۇق.

(ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا ئەپچىلەم بىر توپ ئاغىنىلىرى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ - دە، خوشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كوزلىرىنى ئىككى ئاشىق - مەشۇققا تىكىدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى زوق بىلەن ئاڭلايدۇ، ناخشا ئاخىرلىشىش بىلەن ئەپچىلەم ئۇلارغا قاراپ ماڭىدۇ)

ئەپچىلەم: ماخمۇت! پاتىمە!

ماخمۇت: ئەپچىلەم! (ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كورىشىدۇ)

ئەپچىلەم: نىمانچە خوشالسىلەر، خوجايىنىڭلار قېنى؟

ماخمۇت: كەتتى، تامامەن كەتتى.

ئەپچىلەم ئاغىينىلىرى: ھە، نىمە دەيسەن؟ نەگە كەتتى؟

ماخمۇت: سىلەرنىڭ دەستىڭلاردىن بۇ يەردە تۇرالمايدى-
دىغانلىقىنى بىلىپ، تاڭ ئاتا - ئاتمايلا يۇك - تاقىلى-
رىنى ئۇلاقلىرىغا ئارتىپ باشقا يۇرتقا كوچۇپ كەتتى.
(ھەممە خوشال بولىشىدۇ)

ئەپچىلەم: سىلەرچۇ؟

ماخمۇت: بىزنىمۇ بىلىپ ماڭغان ئىدى، سىلەردىن ئاي-
رىلىشقا كوزىمىز قىيماي يېرىم يولدىن قېچىپ كەلدۇق.

ئەپچىلەم: ناھايىتى ياخشى، ئەمدى بۇ ئوي سىلەرنىڭ
بولىدۇ. قېنى باشقىلارمۇ كەلسۇن، ئۇتۇغىمىزنى ۋە
تويىنى بىرلىكتە تەبرىكلەيلى، چال روزىمەت راۋابىڭنى.
(روزىمەت راۋابىنى چېلىپ ناخشا ياڭرىتىدۇ. سىرتتىن
كىشىلەر كىرىشكە باشلايدۇ. سەھنە ئادەمگە لىق
تولىدۇ)

روزىمەتنىڭ ناخشىسى:

ئەپچىل ئىكەن ئەپچىلەم،
ئەپلەپ سوقتى سەلەينى.
يۇرەك قانداق چىدىسۇن،
كۇيلىمەي بۇ تەلەينى.

يايراپ شاتلىق پەيزىدە،
ئوينا يوقسۇل بالىسى.
قالدى ئوكچە ئوزەڭگە،
چىقسر ئۇژمە سايىسى.

ئەپچىلەم: شۇنداق، ئۇژمە ئەمدى كوپچىلىككە قالدى، قورا - جاي بولسا، ماخمۇت بىلەن پاتىمەنىڭ بولدۇ. (ھەممە ھاياجانلىنىپ ماخمۇت بىلەن پاتىمەنى تەبرىكلەيدۇ)

ئەپچىلەم: شۇ ھامان بۇ خوشاللىقىمىزنى ماخمۇت بىلەن پاتىمەنىڭ تويى ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كوتەرسەك دەيمەن. سىلەرچە قانداق؟

كوپچىلىك: قوشۇلىمىز.

— بۇلارنى ئويگە ھازىرلا ئەكىرىپ قويايلى.

ئەپچىلەم: ماخمۇت! سىلەرچە قانداق؟

(ماخمۇت بىلەن پاتىمە خىجىل بولۇپ يەرگە قارايدۇ)

روزىمەت: (چاقچاق قىلىپ) بۇ ماخمۇت بىلەن پاتىمەگە مايدەك ياقمامدۇ؟! قېنى تويىنى باشلاۋېرەيلى.

(خوشال كۇلكە چاقچاقلارغا ئۇلۇشۇپ ناغرا - سۇناي ئاۋازى ياڭرايدۇ. كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ ئوسۇلغا چۇشىدۇ)

ناخشا:

ئالتۇندىن ئۈزۈك بولسا (يار - يار)
ياقۇتتىن كوزى بولۇر. (يار - يار)
قولى گۈل چېۋەر قىزغا، (يار - يار)
مەرت يىگىت جورى بولۇر. (يار - يار)

بولدى تويلىرى بۈگۈن (يار - يار)
مەرت يىگىت چېۋەر قىزنىڭ. (يار - يار)
چىقتى ئەۋجىگە ياڭراپ، (يار - يار)
شاتلىق نەغمىمىز بىزنىڭ. (يار - يار)

يەتسە ۋەسلىگە ھەر كىم، (يار - يار)
بولمامدۇ كوڭۈل خۇرسەن. (يار - يار)
ئىككى ياشنىڭ باھارى، (يار - يار)
قىلغاي ئومرىنى گۈلشەن. (يار - يار)

ئۇسۇلچىلار بىر - بىرىنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ، ئۇسۇل ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەكلىۋى بىلەن گەپ-چىلەمۇ يالغۇز ئۇسۇلغا چۈشىدۇ ۋە ماخمۇت بىلەن پاتى-مەنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ. ھەممە خوشال تەنتەنە قىلىدۇ. پا-تىمە بىلەن ماخمۇت ئىككى تەرەپتىكى كىشىلەرگە تازىم قىلىپ ئۇسۇلنى ئاياقلاشتۇرىدۇ. ئىككى تەرەپتىن ئىككى توپ كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ناخشا ياڭرايدۇ.

ناخشا:

ئوينايلى يەي، كۈلەيلى،
چومۇپ شاتلىق پەيزىگە.
ناخشىمىزنىڭ كۈچىدىن،
كەلسۇن جاھان لەرزىگە.

ناخشىمىزنى شامالىلار،
يىراقلارغا ئېلىپ كەتسۇن.
ئۇنىڭ ئوتلۇق ئىشقىنى،
ھەر يۈرەككە سىڭىپ كەتسۇن.

بايلار ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ،
ئەلەم بىلەن داتلىسۇن.
گەپچىلەمنىڭ روھىنى،
يوقسۇل مەڭگۈ ياتلىسۇن.

دىسۇن مۇدھىش زۇلۇمنىڭ،
قالغان ئومرى ئاز ئىكەن.
يوقسۇللارنىڭ كۈتكىنى،
ئاگابەتلىك ياز ئىكەن.

(پەردە چۈشىدۇ)

( رەسىمنى شي رۇيجىن سىزغان )

# سېيىت نوچى

(خەلق داستانى)

ئىجادى رەتلىگۈچى: **مەمتىلى زۇنۇن**

## 1

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ
قاشىمغا چۈشتى،
تۈمەن سەۋدا، مىڭ بالا
باشىمغا چۈشتى.

بولدى خەنزۇ ئوتياشچى —
لاۋجاڭ ئاداشىم.
ئۇ ئۆگەتتى چامباشى،
قاتقاندا باشىم.

كېرۋخۇيغا جەم بولدۇق
دارىنغا قارشى؛
خىيانەتچى، پارىخور
زالىمغا قارشى.

بەلنى باغلاپ، يەك تۇرۇپ
ئىسيان كوتەردۇق.
خەلقى - ئالەم ئالدىدا
داستان كوتەردۇق.
باستۇرۇلدى كېلاۋخۇي،
زىنداندا لاۋجاڭ.
زۇلۇم - كۇلپەت ئەۋج ئېلىپ،
قىينالدى بۇ جان.
قەشقىرىمدە كۇن ئالماق
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ
ئاقسۇغا يەتتىم.
قەشقەردىمۇ بەك غىرىپ -
غۇرۋانە ئاقسۇ؛
ھەم خارابە يۇرت ئىچى،
ۋەيرانە ئاقسۇ.

راۋابىمنى سايرىتىپ
يەتتىم كۈچارغا.
ئاتە چىردىك بىر بولۇپ
ئالدى ئاراغا.

قاراقچىلار ئارىسىدىن
مۇشلاپمۇ قاچتىم.
قارا شەھەر دەرۋاسىنى
پەشۋادا ئاچتىم.

ئەلقىسسە، ئەندى گەپنى قارا شەھەردىن ئاڭلايمىز: سېيىت نوچى - سېيىت ئاكگۈك قارا شەھەرنىڭ بېقىندى- دىكى، چوڭ كورۇكنىڭ يېقىنىدىكى، دەريانىڭ ئېقىنى- دىكى خوجىلۇق بوتچالىغا كېلىپ، قوانىغا راۋاپنى ئال- دىلەر، زەخمەك ئۇرۇپ تارىغا شۇنداق لەرزان چالدىلەر، تە- رەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جاپاكەش — مۇساپىرلار ئۇ- نىڭ كۈمپىسىغا قاراپ قالدىلەر، راۋاپ ئاۋازى ئۇلارنىڭ يۈ- رىگىگە بىر ئوت سالدىلەر.

بىر چاغدا سېيىت ئاخۇن شۇنداق قارىسا، بىر پارچە قارا بۇلۇت ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ؟ سېيىت ئاخۇن دىدىكى: بۇ خۇدانىڭ كارامىتىمۇ، يا ئەزرائىلنىڭ ما- لامىتىمۇ، ياكى بىر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالامىتىمۇ؟ . . .

سىيىت ئاخۇن سەپ سېلىپ شۇنداق قارىغىنىدەك بولسا، كېلىۋاتقىنى قارا بىرلوت ئەمەس، ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇپا - چاڭ ئىكەن، ئاتلىقلار ئالدىدا كېلى-ۋاتقىنى ماشىنڭ دىگەن زومىگەرنىڭ ئوغلى - ما بايۋەچچە دىگەن چولە - زاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئاخماق، پوچىلىقى پۇ-تۇن قارا شەھەرگە «داڭ» ئىكەن.

خەلقلەر دىيىشتىكى: ھەي سىيىت نوچى- سىيىت گاڭ-گۇڭ، ئالدىدىكى ئاتلىق ما بايۋەچچىدۇر، خۇمسىلىقتا ئو-تۇپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى قىر-دىق لەچچىدۇر؛ ئۇنىڭ تەقدىر پىشانى ئوك، خەلق ئالدى-دا گۇناھى چوك، ھەم پوچى ئو، كېپى تۇك، نوچىلىقتىن تامايى چوك؛ ئۇنىڭ ئوزى ئوتۇپ كەتكەن مۇتىھەم لالما، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قالما، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ قالما، بەل تۇتۇشساڭ دەس كوتەر، يانپىشىڭغا ئالما!

سىيىت گاڭگۇڭ شۇنداق قارايدىغان بولسا، ما باي-ۋەچچىنىڭ بىر قولىدا نىزىگىن، بىر قولىدا قامچا، كەينى-دە ئون نەچچە چىرىك - غالچا، غالچىلار قولىدا نەيزە، كالتەك، ئارغامچا . . .

ما بايۋەچچە سىيىت نوچىغا دەۋەيلەپ، ئوز - ئوزىچە كورەڭلەپ، دەيدۇ ئۇنىڭغا قامچىسىنى تەڭلەپ:

قەيەرلىك سەن، نەدىن كەلدىڭ؟
ئاتىڭنى سوزلە.
تېگى - تەكتىڭ، ئەجدادىڭ -
زاتىڭنى سوزلە.
راۋاپ - زەخمەك قولۇڭدا،
زارىڭنى سوزلە.
ئايىغىمغا باش قويۇپ،
دادىڭنى سوزلە.
تىلەمچىمۇ، رەمچىمۇ،
دىۋانىمۇ سەن؟
كوز يېرىڭدە خارۇ - زار،
سەرسانىمۇ سەن؟
تەڭگە - داچەن دەردىدە
ئاۋارىمۇ سەن؟
تاما قىلساڭ خەيرى - ئېھسان،
ھالىڭنى سوزلە!

سىيىت نوچى - سىيىت گاڭگۇڭ بۇ ھاقارەتنى ئاڭ-لاپ دەر غەزەپ بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېلىشكەن قاپقارا بۇرۇتىنى بىر تولغاپ قويۇپ، مۇنە دەپ جاۋاپ بەردى، ئاگلاڭ خالايىق:

ئەزىزانە قەشقەرلىك

سىپىل تېشىدىن،

شىردىن - شەرۋەت سۇيى بار

تۇمەن قېشىدىن،

كوزدىچى يار بېشىدىن -

خۇمدان بېشىدىن،

چىققان سىيىت گاڭگۇڭمەن،

گاڭگۇڭ يىگىتمەن.

كىچىگىگە كىچىكمەن،

چوڭىغا چوڭمەن.

پىششىغىغا پىششىقمەن،

توڭىغا توڭمەن.

تەتۈرىگە تەتۈرمەن،

ئوڭىغا ئوڭمەن،

كەمبەغەلنىڭ سازچىسى

سىيىت گاڭگۇڭمەن.

رەمچىلىكنى ئۇخمايمەن،

رەمبال ئەمەسمەن،

يا قەلەندەر - دىۋانە،

ھابدال ئەمەسمەن.

خەقنى ئۇرۇپ مۇقمايمەن،
ئامبال ئەمەسمەن،
يامىنىدىن قورقمايمەن،
سىيىت گاڭگۇڭمەن.

ما بايۋەچچە كەمسىتىپ دىدىكى: ئىمە دەۋاتىسەن ئەي ئەھلىيۇرتى يوق ھارامزەدە! مەن بولسام ئارزۇلۇق بىر بەگزادە، بەختى - دولەتتە يېتەلمەيدۇ ماڭا بارلىق شاھ-زادە؛ مەن بولسام قارا شەھەردە ئاتالغان گاڭگۇڭمەن، نامۇ - شوھرەتتە رۇستامى داستاندىن بالدۇرمەن، قېنى كەل، كۈچ سىنىشايلى، بىر قەپەس ئېلىشايلى! گاڭگۇڭ بولساڭ مەيدانغا چۈش، چېلىشايلى!

سىيىت نوچى دىدىكى: سەندىن قورقۇش - دىشۋاردىم يوق، ساڭا ئاتار پەش-ۋاردىم يوق، بىردەم ئارام ئالغىلى قوي، ئىككى پەدە چالغىلى قوي.

ما بايۋەچچە دىدىكى: پۇراپپاقساڭ مۇشۇمنى، يوقۇتىسەن ھۇشۇڭنى، بىر مۇش بىلەن سېپىستاي جىگىرىڭنى - گوشۇڭنى، باش ئۇستۇڭگە قوندۇراي ئەجەل - ماتەم قۇشۇڭنى!

ما بايۋەچچە شۇ سوزلەردىن كىيىن كورەڭلەپ، سىيىت نوچىغا شۇنداق بىر مۇش ئاتتى، مۇشتىمى قاڭقىپ كېتىپ گوزى بىر ئازگاللدا ياتتى. بۇ ئىزاغا چىدالمىغان ما باي-

ۋەچچە ئۇمىلەپ قوپۇپ، سىيىت گاڭگوڭغا يەنە شۇنداق بىر پەشۋا ئاتقان ئىدى، بايۋەچچىنىڭ پۇتلىرى سىقىراپ كەتتى، كالىسى پىقىراپ كەتتى، «ۋاي پۇتۇم» دەپ سەت چىقىراپ كەتتى، ئۇنى بوغۇلۇپ خىقىراپ كەتتى. «يىقىلغان چىلىشقا تويماپتۇ، تووۋا قىلسا كوڭلى ئۇنىماپتۇ» دىگەندەك، ئۇ يەنە پۇتۇن كۇچىنى كالىسىغا يىغىپ سىيىت نوچىنىڭ مەيدىسى-گە شۇنداق ئۇسىدىكى، بايۋەچچىنىڭ باش - كوزى زىڭىلى-داپ كەتتى، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى، پىشانىسى ھو-رەكتەك ئىششىپ، سىپسىق تۇخۇمدەك ژىدىڭداپ كەتتى. بەگ-زادىنىڭ بىشى دوقىدىن ئوتۇپ، سوقىغا ئايلىنىپ كەتتىلەر.

خەلق ئالدىدا يۈزى توكۈلگەن، قەددى پۇكۇلگەن، يۈرەك چىكى سۇكۇلگەن ما بايۋەچچىنىڭ جىنى بوغىزىغا قاپلاشتىلەر، سىيىت گاڭگوڭنىڭ ياقىسىغا كاندەك چاپلاشتىلەر:

«ھەي سىھرىگەر گاداي، ئوزۇڭگە سۇرى گەپسۇنى ھۇرۇۋاپسەن، ئادەم سىياقىغا كىرىۋاپسەن، جۇر يامۇلغا، مەن شۇ يەردە سىرىڭنى ئاچاي، باش - كوزۇڭگە قىنىمنى چاچاي!» . . .

سىيىت نوچى دىدىكى: مەرتەم - مەرتەم ئۇچ مەرتەم دەپتىكەن، مەرتلىك قىلىپ ئۇچ نووەتنى ساڭا بەردەم، ئو-

زوڭنى سورىمايسەن، ئاستا دېسەم بەك دەيسەن، داپقا چۈش-
كەن مايماقتەك سەكرەيسەن، كورۇپباق مېنىڭمۇ كارامىتىمنى!

سىيىت ئاكىگۈك دوقمىدىن ئوتۇپ، سوقا بولۇپ كەت-
كەن يىغلاڭغۇ بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ شۇنداق بىر
كوتىرىۋىدى، ئۇ، ئازگالغا تاشلانغان پور كوتەكتەكلا يۇلۇ-
نۇپ چىقتى. سىيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق
ئايلاندۇردىلەركى، ئەيپۇھەلناس، چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلىنالما-
ماس، پىر، پىر، پىر، پىر . . . سىيىت نوچى ئۇنى قارا
شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئاتتىلەركى، ما بايۋەچچە خۇددى
داشقا چۈشكەن چىۋىندەك دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈ-
كۈپ كەتتىلەر.



ئەمدى گەپنى قارا شەھەر دارىنلىرىدىن ئاڭلايمىز: چىرىكلەر ما بايۇەچچىنى ئاران تەسلىكتە سۇزۇۋىلىشتى، گوزلىرىنىمۇ ئازراق تۇزۇۋىلىشتى. دېيىشتىلەركى: سىيىت نوچى تولىمۇ قارام ئىكەن، گاداي پۇخرالار ئۈنىڭغا رام ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشساق بىزگە خوۋلۇق بولماس، بىر ئامال بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇپ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇ زىيانىنى پۇخرالاردىن بىرنى ئون قىلىپ تولۇتۇۋالساق.

بۇ مەسلىھەت - يامان غەرەزدىن سىيىت ئاخۇن تامامەن بىخەۋەر. ئەتىسى ئۇلار ياخشى بىر قارا شەھەر ئېتىنى سىيىت ئاكىگوغا يوللۇق تۇتۇپ: «ھەي سىيىت نوچى - سىيىت ئاكىگوك، باللار سىنى رەنجىتىپ قويغان بولسا، بىز ناماقول، سەپىرىڭدىن يانمىساڭ، شەھىرىمىزدە تۇرۇپ قالمىساڭ» دېيىشتىلەر.

سىيىت ئاخۇن غەلىبە قىلىپ، يار - دوستلار بىلەن خوشلۇشۇپ، ئاتقا بىر قامچا سالدىلەر، ئىلىخوغا قاراپ يول ئالدىلەر . . .



ئىلىخوغا بارماقلار،
يولى خەتەردۇر.
قەھرىستان قىش نەشتىرى
جانىدىن ئۆتەدۇر.

مۇساپىرلار - دەرتمەنلەر
يولدا ياتادۇر.
كوز يۇرتىنى ياد ئېتىپ،
غەمگە پاتادۇر.
ئېلىخوغا مەن بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
جەلىگۇر شۇم ئون ئورۇس
كالدى ئاراغا.
كالتىسىنىڭ سۇلدۇرۇپ
كوتتۇز چىشىنى،
پەشۋا بىلەن، مۇش بىلەن
ياردىم بېشىنى.
ئىلى دەريا بويىدا
چالدىم راۋاپنى.
رازى قىلدىم تۇل - يېتىم،
دەرتمەن - بىتاپنى.

2

يىگىرمە كالتە ياشىمدا،
كۇنلەر چۇشتى باشەمغا.

ئەرزىمنى بايان ئەيلەي
يارۇ - دوس ئاداشىمغا.
ئەزىزانە قەشقەردە
تۇغۇلۇپ ھەم چوڭ بولوپ،
شۇ يەردە ئاتالغانمەن،
سىيتاخۇن گاڭگۇك بولۇپ.
سىيىت نوچى - سىيىت گاڭگۇك
شەمۇ - شەنى ئايلىنىپ،
قەشقەرغە كېتەر ۋاختا
ئۈچتۇرپانغىمۇ كېلىپ،
ئاتنى دەڭجاغا بېرىپ،
ساماۋەرخانىغا كىرىپ،
چاي ئىچەي دەپ ئولتارسا،
ئۈچتۇرپانىڭ ئامبىلى
مادوتەي كېلىپ قالدى،
گاڭگۇكنى كورۇپ قالدى.
ئوز كوزىگە ئىشەنمەي
بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ئۇ قانداغ تونۇپ قالدى؟

ھەممەيلەنگە ئايان بولسۇنكى، ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى ماشۇئۇ بۇرۇن قاشقەردە دۇتەي بولۇپ تۇرغان، قەشقەردە كېلۋخۇيچىلار ئىسيانىنى باستۇرۇشتا قان - قەرزگە بوغۇلغان چوڭ جاللات بولۇپ، قەشقەردىكى چاغدا ئۇ، سىيىت نوچىنى تونۇيتى. ئۇ، شۇ چاغدا سىيىت نوچىنى يوقۇتۇش مەخسىدىگە يېتەلمىگەن ئىدى. ئاڭگۇڭنىڭ بۇ يەردە ئۇچراپ قالغانلىقى ئۇنى ناھايىتى خۇش قىلدى. جاللات ماشۇۋۇ يېڭى خىزمەت كۆرسۇتۇپ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولدى، شۇ مەخسەتتە ئۇ دەرھال نەيرەڭۋازلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى:

ھەي نوچى - سىيىت ئاڭگۇڭ،
ئۇچتۇرپانغا خۇش كەپسەن.
مەن كورۇپ دىدارىڭنى،
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن.
جېنىم سوينىلەر، ياپىرار
قەشقەرلىقنى كورسەم مەن.
ئالدىڭغا چىقار ئىدىم،
كەلگىنىڭنى بىلسەم مەن.
ھەي نوچى- سىيىت نوچى،
يۇرسەڭ، ئوردىغا بارساڭ.

ئۇسقۇنىنىڭ چۈشۈپ قالسا،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالساق . . .
ماقۇل دەپ نادان كەككۈك،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالدى.
چۈشىدە غېرىپ - مىسكىن
ئانىسىنى كۆرۈپ قالدى.
قەشقەرغە كېتەي دەمدى،
ئەلنى خوش ئېتەي دەمدى.
ئانام بىلەن ئۇكامنىڭ
قېشىدا ئۆتەي دەمدى
دوتەيدىن سوراپ رۇخسەت،
قوش قامچا سالاي ئاتقا.
چۆل كېزىپ، داۋان ئاشاي،
ئەل - يۇرتنى ئىزلەپ ياتقا.

سېيىت نوچى - سېيىت كاككۈك شۇ كۈنى ئەتىگەندە مادوتەينىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۇ ئەرزىنى بايان قىلدىلەر:

قوي ئىزدەر قوزىسىنى،
قوزىمۇ ئاناسىنى.
هاۋادىكى قۇشلارمۇ
سېغىنار ئۇۋاسىنى.

سېغىندىم غېرىپ ـ مىسكىن
يالغۇز مېھرىۋانىمنى.
سېغىندىم ئېتى مەممەت
ئۇكامنى ـ غەمگۇزارىمنى.
تومەن بويى ـ يار بېشىدا،
راۋابىم چالاي دەيمەن.
خەلقىمنىڭ غېرىپ ـ سولغۇن
كۆڭلىنى ئالاي دەيمەن.
قەشقەرگە باراي دەيمەن،
مېھرىگە قاناي دەيمەن.
مادارىن، ئىجازەت بەر،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن . . .

مادارىن يۇقۇرقى نەزمىنى ئاڭلاپ، نەيرەك ئىش-
لىتىپ شۇنداق دېدىلەر:

ئىجازەت بېرەي دېسەم،
قانداق چىدىسۇن يۈرەك؟
مەن سېنى دېمەپمىدىم،
تۇققانلىرىن يېقىن بولەك.
ئىجازەت بېرەي كاككۇك،
چارەم يوق مېنىڭ بولەك.
يالغۇز قانىغا سەندەك

جان كويەر ئۇغۇل كېرەك.
قەشقەردىكى دارىنغا!
خەت يېزىپ بىرەي ئېپكەت.
خەتنى كورسە خەن دارىن
دەيدۇ ساڭا كوپ رەخمەت.
بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ،
ئىچىمگە سىلىپ دەرتنى.
ئەرتە يولغا چىق كاڭگۇڭ،
تەييارلاپ قوياي خەتنى . . .

مادوتەي بىر كىچە ئۇخلىماي سىيىت نوچىنىڭ ئولۇم خېتىنى يازدىلەر، ئۇنىڭ هايات يولىغا ئەجەل خەندىكى قاز-دىلەر، ئەرتىسى سىيىت نوچى بۇ خەتنى ئېلىپ، قويىنىغا قاتلاپ سىلىپ، جاپاكەش پۇخرالارغا تويماي بېقىپ، يۇرد-گى شامدەك ئېقىپ، شۇنداق دىدىلەر:

خۇش بۇرادەر - دەرتمەنلەر،
دوست - يار بولۇپ ئۆتكەنلەر.
ئوزرەمنى ئېيتىپ قالاي،
قەشقەركە كېتىپ قالاي.
داغى پەرزەن ئانامنىڭ،
قان - قېرىنداش ئۇكامنىڭ،

جىسمىگە سىڭىپ ئۇلاي،
مېھرىگە قېنىپ ئۇلاي.
قىلغان بولسام مەنمەنلىك،
كۆتكەن بولسا مەۋەنلىك،
كېچىرىڭلار دەرتداشلار،
خەيىر - خوش قېرىنداشلار! . . .

ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قالغان يۇرت ئەھلى قول ئۇزۇتۇپ ئاق يول تىلەپ قىلىشتى. سېيىت ك. ئىگۈك يول يۇردىلەر، يول يۇرگەندىمۇ مول يۇردىلەر، ئون تورت كۈنلۈك يولنى بېسىپ، ئون بەشىنچى كۈنى بولغاندا قان - ياش ئاقار تۈمەن دەرياسى بويىدە مىسكىن - غىرىپ كوزدىكى يار بېشىنى كوردىلەر

سېيىت نوچى - سېيىت كاڭگۈك،
يارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ،
ئانا ئىشقىدا جىسمى
شام بولۇپ ئېرىپ - ئېقىپ،
ئىشىكى ئالدىغا كەلسە،
ئىشىكى تاقىلىپ قاپتۇ.
چىراقمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ.
ئانىسى غىرىپ مەزلۇم
ئاھ ئۇرۇپ يېتىپ قاپتۇ،

ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ،
«جان ئانا» دەپ سوز باشلاپ،
ئوگزىدگە چالما تاشلاپ،
بەلگىسىنى بەرگەندە،
ئانىسى غىردىپ مەزلۇم
چۇچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
چىردىغىنى ياندۇرۇپ.
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ،
قۇچاغلاپ تويماي بېقىپ،
كوزلىرىگە ياش ئېلىپ،
ھارماڭ بالىكام، – دەپتۇ.
غىردىپ ئويىگە باشلاپ،
كونا دوسقاننى يېيىپ،
تۇن كېچىچە مۇڭدۇشۇپ،
ئەرتىسى تاڭ ئاتقاندا،
ناماز جۇمە – چاچكادا:
«ئەي ئانا، غەمگۇزارىم،
جاھاندا يوقۇ – بارىم،
ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ،
ھەزرەتنى كورۇپ كەلسەم» –
دەپ مېھردۇان ئانىسىدىن

رۇخسەت - ئىجازەت ئېلىپ،
ئاپپاق غوجامغا چىقىپ،
يۇرت - مەھەللىنى كېزىپ،
ئەلنىڭ ھالىنى كوردى،
يۇرىگىدە ئوت كويدى.
نۇرغۇن - نۇرغۇن شە كوردۇم،
ھەسرەت، ئەندىشە كوردۇم،
ھەممە يۇرتتا خار پۇخرا،
دەرت - ئەلەمگە يار پۇخرا.
قان يىغلايدۇ ھەر يەردە،
بۇردا نالىغا زار پۇخرا . . .
سىيىت نوچىنىڭ قەلبى
قىزىل چوغ بولۇپ يېنىپ،
شەرۋەت كولىگە بېرىپ،
سۇنى چاڭگالىغا ئېلىپ،
بىر ئىچەي دەپ تۇرغاندا
خەت خىيالىغا كېلىپ،
گاڭگۇگلىقنى - مەرتلىكنى
جانىدىن ئەتىۋا بىلىپ،
خەتنى ئاپىرىپ بېرەي،
ئاندىن تاماشا كورەي، -

دەپ يولغا راۋان بولدى،
پىيادە كارۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى قەشقەر دارىدىن ئاڭلايمىز: دارىن سىيىت كاككۇكنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى، شۇ ئان تەشۋىش - سارا سىمىگە چۈشتى.

خەن دارىن ئەيتتىكى: سىيىت نوچى تۇنۇگۇن بېرىپ كەپتىمىش. كېچىچە ئانىسى بىلەن بېرىپ مۇگدۇشۇپتىمىش. بۇگۇن سەھەر ئاپپاق غوجامغا كېرىپ قاپتىمىش. ئۇ، پۇخرالار بىلەن دىدار كورۇشۇپ بولغىچە يوق قىلىۋەتمىسەك، بىزگە ئامانلىق بولماس؛ خەن دارىن يەنە ئەيتتىكى: سەكسەن چېرىك هازىر بولسۇن، سىيىت نوچىنى تۇتۇشقا يۈرسۇن، سىيىت نوچى گۇندىخانىغا كەلتۇرۇلسۇن ۋە دەرهال ئولتۇرۇلسۇن!

سەكسەن چېرىك قوراللىنىپ تەييار بولۇپ تۇرغاندا، سىيىت نوچى هەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدىلەر. خەن دارىن مەگدەپ كېتىپ، چوڭقۇر هېلىگە پېتىپ، سىيىت نوچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، هەييارلىق بىلەن سالام بېرىپ، شۇنداق دېدىلەر:

هەي نوچى - سىيىت كاككۇك، كەپسىز تېچ - ئامان،

يۇرتمۇ - يۇرتلار ئايلىنىپ، ئېشىپ تاغ - داۋان.
بىزمۇ سىزنى يات ئېتىپ تۇردۇق ھەر زامان،
نىمە ئىشلار كورردىڭىز، قىلغايسىز بايان.

سىيىت نوچى شۇنداق جاۋاپ بەردىلەر:

كەزدىم دەشتى - باياۋان، ئېشىپ تاغ - داۋان،
نەگە بارسام پۇخرانىڭ ھالى بەك يامان.
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن باغرى لەختە قان،
ئىچكىنى ئوغا - زەھەر، چەككىنى پىغان.
ئوچتۇرپاندا مادوتەي يېزىپ بەردى خەت،
سىزگە تىلەپ ئامانلىق، دولەت، پاراغەت.
بۇ مەنىدىكى ئامانەت، قېنى مەرھەمەت،
سىزگە ئۇشبۇ سوغىنى ئەپكەلدىم ئاران.

خەن دارىن مادوتەي يېزىپ بەرگەن ئولۇمنامىنى ئال-دىلەر، ئوقۇپ كورۇپ كوڭلىدە چاۋاك چالدىلەر ۋە بۇ ھېيلە - نەيرەڭنى ئىشقا سالدىلەر:

ھەي نوچى - سىيىت كاكگۇك،
نىمەڭ بۇ ئېلىپ كەلگەن؟
ئوزەڭنىڭ ئولۇمنامەڭ،
مادوتەي يېزىپ بەرگەن.
يىرتىۋەتسەڭ بولمامدۇ،

يۇتتۇرۇۋەتسەڭ بولامدۇ؟
تاشلاپ ئوتقا - ئاتەشكە،
كۆيدۈرۈۋەتسەڭ بولامدۇ؟
مەن ساڭا ئىچىل - ئامراق،
ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟
ئۆلتۈرمەي دىسەم، نوچى،
خانىنىڭ يارلىغى شۇنداق.
ئۆلۈمنامەڭنى كۆرگەندە،
كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى.
قانداق قىلىمىز گاڭگۇك،
ئەجەپمۇ بېشىم قاتتى.
سىيىت بولۇپ ھەيرانە،
جاۋاپ بەردى مەردانە:
«ئەي دارىن، دىدى گاڭگۇك. -
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما.
خانىنىڭ ئالدىدا ئاسى -
گۇناھكار بولۇپ قالما.
چىرىكلەرگە ئەيت، دەرھال
مىلتىقىغا ئوق سالسۇن.
ھايالىسىز جېنىم ئالسۇن،
گاڭگۇك دەپ ئېتىم قالسۇن!»

جالالاتلار كېلىپ شۇ دەم،
بويىنىغا تاقاق سالدى،
پۇتىغا سېلىپ ئىشكەل،
زىندانىغا سولاپ قويدى.
ئون تورت كۇن ئوتۇپ كەتتى،
كوك پىت، بۇرگە يەپ كەتتى.
مەرت يىگىتنىڭ، گاڭگۇگىنىڭ
تاقىتى تۇگەپ كەتتى.
دەلدى ئۇ: چىدامىم يوق،
يا بولەك تامايىم يوق.
ئولتەرسەڭ بۇگۇن ئولتەر،
ھېچقانداق گۇنايىم يوق! . . .
ئامبالار جەم بولۇشتى،
تورت ئاتلىق ھارۋا قوشتى.
ئېلىپ سىيىت گاڭگۇگنى،
ھارۋا يولىغا چۇشتى.
توققۇز پاي پو ئاتقۇزۇپ،
ھارۋىنى تېز ماڭغۇزۇپ،
تورت دەرۋازىغا يۇزدىن
تورت يۇز چېرىك تۇرغۇزۇپ،
قارىقى دەرۋازىغا

ئېلىپ كەلدى پالۋاننى.
قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى،
ئوراپ ئالدى ھەرياننى،
«ئەي نوچى - سىيىت گاڭگۇك،
نىمە گەپ، نىمە ئىش بۇ؟
يۇرتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن
قانداق ئەلەم - تەشۋىش بۇ؟
كىم سالدى كىشەن سىزگە؟
كىم سالدى تاقاق سىزگە؟
بۇ قەشقەردە كۈن ئالماق،
بولمامدۇ راۋا بىزگە؟»
تۇتتى بىر قاچا شەرۋەت،
رازى بولۇڭ بىزدىن دەپ.
رازى بىز ئومۇرۋايەت،
سىيىت نوچى سىزدىن دەپ.
شەرۋەتنى ئېلىپ گاڭگۇك،
ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ،
خەير - خوش قىرىنداشلار، -
دەدى سوزىنى باشلاپ:
„ ئىسىزالە يۇرتداشلار
مەلدەك نادان بولماڭلار،

چۇشۇپ ھەملە - قاتاقتا ،

ناھەق قۇربان بولماڭلار . . . ''

سېيىت ئاخۇن - سېيىت كاڭگۇك ،

ئەلدىن رازىلىق ئالدى ،

ھارۋىسى قومۇش بازىرى

قويىنىغا بېرىپ قالدى .

'' ئات ! ە - دېدى سېيىت كاڭگۇك ،

ھارۋىدىن چۇشۇپ سەكرەپ ، -

ئاتا جاللات يۇرەككە ئات،

مىلتىغىڭنى راس بەللەپ .

ئەپكىنى بېسىپ جاللات ،

كۆزى يۇمۇلۇپ كەتتى .



مىلتىغىدىن ئوق چىقماي ،
پىستان چىقىلىپ كەتتى.
ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق،
كېلىپ تەگدى تاغاققا.
سېيىت ئاخۇن دېدى شۇ دەم
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا:
مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
دا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە! . . .
سېيىت ئاخۇن ـ سېيىت ئاككۇڭ،
تىك تۇرار ئىدى سۆزلەپ.
ماداخۇ دېگەن داردىن
ئاتتى كۆكسىنى كۆزلەپ.
سېيىت ئاخۇن دېگەن ئاككۇڭ،
جېنىدىن جۇدا بولدى.
جاللاتلارغا خەنداردىن ،
يار ـ يۆلەك، پالا بولدى.
ئاككۇڭمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
تۇپراققا كىرىپ كەتتى.
بۇئەلەم ـ مۇسىبەتتىن ،

يۇرەك يېرىلىپ كەتتى .
چالدى مۇڭ بىلەن قەشقەر ،
دۇتتارى - راۋابىنى.
ئۇلمىسەك ئىچەرمىز دەپ ،
تاك ۋەسلى شارابىنى .
ئوچىنىڭ ئېتى - نامى ،
ئەلنىڭ يادىدا قالدى.
يۇرەك - باغرىدا قالدى ،
راۋاپ تارىدا قالدى.

**ئىزاھات:**

1) گىلاۋخۇي - شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەيىندە قۇرۇلغان مەملىكەت خاراكتىرلىك ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى. ئۇلارنىڭ مەخسىدى ستېپخىيىلىك ھالدا خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقۇتۇش. ئۇلار پەقەت «مەنسەپدار-لار ئولتۇرۇلسىلا، زۇلۇم تۈگەيدۇ» دەپ تونىغان. ئوز ۋاقتىدا قەشقەردىمۇ گىلاۋخۇينىڭ شوبىسى قۇرۇلغان. سىيىت نوچى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان.

ئەيتىپ بەرگۈچى ھەم ۋاقىئەلىك ئاساسى بىلەن
تەمىنلىگۈچى: يولۋاسخان.
تارىخى ئارقا كورۈنۈشىنى ئىسپاتلىغۇچى: ئەمەت ئومەر.
رەسىمنى سىزغۇچى: بائىمە.

# ئۆزتىش ئالدىدا

(بىر پەردىلىك ئوپېرا)

## مەمتىمىن ھەزرەت

### ئاتناشقۇچىلار

مۇرات: (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى) 28 ياش

چىمەن: (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى) 26 ياش

ئايخان: (مۇراتنىڭ ئانىسى، ئائىلە ئايالى) 50 ياش

ئېزىز: (چىمەننىڭ دادىسى، پېشقەدەم مۇئارىپچى) 55 ياش

تۇخان: (چىمەننىڭ ئانىسى، ئائىلىق ئايال) 50 ياش

رۇشەن: (چىمەننىڭ دوستى ۋە خىزمەتدىشى) 25 ياش

ئورنى: مەلۇم ناھىيە بازىرى.

ۋاقتى: ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى.

سەھنە تۈزۈلۈشى: چىرايلىق بېزەلگەن ئۆينىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى.

سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە گىلەم سېلىنغان سۇپا، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىك سۇپىغا تۇتاشقان، ئۇدۇلىدىكى تامدا دەرىزىدە، دەرىزىدىن سىرتتىكى ئۈزۈم بارىڭى كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇ. دەرىزىنىڭ ئالدىغا بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىدە چايدان ۋە بىر قانچە چىنە قويۇلغان. ئوڭ تەرەپتە سىرتقا چىقىدىغان ئىشىك بار.

(چىمەن ئۈستەلنى سورتۇۋاتقان، روھى كەيپىياتى ئىنتايىن خۇشال ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ).

(ناخشا)

ئاسمانىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كورسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلەرىڭنى كويدۇرسەم.

(روشەن سەھنىگە كىرىدۇ، چىمەننىڭ ناخشىسى تۈگىگەندىن كېيىن)

روشەن: پاھ، بۇلبۇلدەك سايراپ كېتىسەنغۇ؟!
چىمەن: ھە، سايرىشىمىزنى تېخىغىچە بىلمەمتىڭ؟
روشەن: (چىقىشىپ، دېكلاماتسىيە ئاھاڭىدا)

بىلەتتىم ھە، بىلەتتىم،
ئېيتقىن قاچان كولەتتىڭ.

ئوي قىلماستا ھەمىشە،
سۇرۇن چىراي يۇرەتتىڭ.

چىمەن: ھەي، ئاغزىڭنىڭ ياماندىغىنى، ( رۇشەننى قوغلايدۇ )
رۇشەن: (چىمەنگە ئۇتۇق بەرمەي كولۇپ تۇرۇپ)

ئىشىتكىنىم شۇ ئۆمرۇمدە،
بۇنچە شاتلىق كۈيۈگنى.
بىلگەن بولساق بورۇنراق
قىلاركەنمىز تۇيۇگنى.

چىمەن: ھەي . . . شەيتان . . .
رۇشەن: (يەنە چىقىشىپ) ئېيت قېنى، تويدىن كېيىن بۇ-
لەكچىلا خوشال بولۇپ، قىن - قىنىڭغا سىغماي كەتكى-
نىڭ يالغانمۇ؟
چىمەن: ئەمدى ئاغزىڭنى يىغمايدىغان بولساڭ، ئوغۇچ بىلەن
چاچاڭنى بىردىمەن.
رۇشەن: (يالۋۇرغان قىياپەتتە)

بولدى، بولدى ئېتىشماي،
ئەمدى ئارتۇق چېقىشماي.
بىراق قاپاق ئۇرسەڭ- زە . . .
چىمەن: سوزلەۋەرگىن ئېزدىشماي.

رۇشەن: سوزلىسەمغۇ سوزلەيمەن،

چىمەن: (پوپوزا قىلغان قىيا پەتتە)
يۇز خاتىرە قىلمايمەن،

رۇشەن: غەم قىلمىغىن سىردىڭنى،
بولدى ئەمدى يايمايمەن.

چىمەن: (كۇلۇپ) بولدى، بولدى، ئويۇننى قوي، كەل چاي ئىچ. (چىمەن ئۇستەلنى سۇرتۇپ، داستىخان سېلىشقا تەمشىلىدۇ، رۇشەن تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغانداك سائىتىگە قارايدۇ)

رۇشەن: ۋىيەي، ئۇنتۇپلا قاپتىمەن تېخى، چۇشتىن كېيىن يىغىن بارلىقىنى ئېيتماپسىدىڭ ؟!

چىمەن: ھە، راست.

رۇشەن: سائەت توشۇپ قالدى، جۇر ئەمىسە.

چىمەن: جۇر، (ئىشىكنى سىرتقا ماڭماقچى بولىدۇ. ئۇ- نىڭغىچە ئايخان ئانا ئۇستى يېپىلغان داسنى كوتۇرۇپ ئىچكىركى ئويدىن چىقىدۇ)

چىمەن: ئانا، چۇشتىن كېيىن مەكتەپتە يىغىن بار ئىدى، بىرىپ كىلەي.

ئايخان: (چىمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ).
بوگۇنچە قوي يىغىننى،

ئاپپاق قىزدىم - ئاق قىزدىم.
تەييار قىلدىم خېمىرنى،
تونۇرغا نان ياق قىزدىم.

رۇشەن: ئايخان ئانا قويۇپ بىردىڭ
بۇگۇن چىمەننى.
تالاي يىلدىن ياقىلانغۇسىز
بۇ ئويدە ناننى.

ئايخان: ئۇغۇ شۇنداق، بىراق بوگۇن
ئىشلار ئۇزگىچە.
داستىخاننى راسلاش كېرەك،
مىھمان كەلگىچە.

رۇشەن: مىھمان؟

ئايخان: ھەئە.

رۇشەن: قايسى مىھمان؟

ئايخان: (بېشى بىلەن چىمەنگە ئىما قىلىپ) ئەڭ ئىززەت-لىك مىھمانلار.

رشەن: (چىمەنگە قاراپ) كىملەر كەلمەكچى؟

چىمەن: بىزنىڭ ئويدىكىلەرنى بۇگۇن كەچكە چاقىرد-ۋالماقچى ئىدۇق.

ئايخان: يېڭى كېلىن چىمەنگۇلنىڭ

ئىززىتى ئۈچۈن.
قۇدىلارنى چايغا تەكلىپ
قىلغانتۇق بوگۈن.

ئويلۇگۈنۈم يالغۇز ئوغلۇم،
شۇنچە ياشقىچە.
داستىخاننى راسلاش كېرەك،
بوگۈن باشقىچە.

شۇڭا چىمەن ئۆيدە بىللە
بولغىنى ياخشى.
داستىخانلار نېمەتلەرگە
تولغىنى ياخشى.

رۇشەن : يىغىنىمىز ئىتتىپاقنىڭ
تۇرمۇش يىغىنى.
شۇجى چىمەن قاتناشمىسا،
قانداق بولغىنى.

چىمەن: باراي ئانا، مەجلىستىن
تېز قايتىپ كېلەي.
ئاندىن سىزگە ياردەملىشىپ،
ئىشلىشىپ بېرەي.

ئايخان: بارساڭ بارغىن، بىراق - زە،

ئۇزاق ھايال بولمىغىن.

چىمەن: (شوخلۇق قىلىپ)
بولدى ئانا، بولدىلا،
ئەمدى ئازراق سايرىغىن.

ئايخان: بوگۈن راستىن جان قىزىم،
كەپلىرىمنى ئاڭلىغىن.

رۇشەن: ئۇزاق ھايال بولمايمىز،
چىمەن: كوپ ئەندىشە قىلمىغىن.

ئايخان: (كۇلۇپ بېشىنى چايقايدۇ). ھەي، جاۋىلداڧلار، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارنى توسۇپ قالالايمەنمۇ، بېرىڭ-لار، بېرىڭلار! (چىمەن بىلەن رۇشەن كۇلۇشۇپ چىقىپ كېتى-دۇ، ئايخان ئۇلارنىڭ كەينىدىن زوقلۇنۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالىدۇ.)

(ناخشا)

ساداپ باقسام بۇ يىل ياز،
ئەلىنىڭ ئالتىگە كىردىم.
تەندە جانىم باردا،
ئوغۇل ئويلەپ - توي قىلدىم.

پىشانەمنى ئوڭ قىلدى،
تەقدىر مىنى كېپلىندىن،

شۇڭا ئارتۇق كوردىمەن

چىمەنگۈلنى چېپىنەمدىن.

ئىككى بالىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ ئانىلىق قەرزىمە-
نى ئادا قىلدىم، مۇشۇ كۈنلەردە خۇشاللىقىمدىن كېچى-
لىرى كوزۇمگىمۇ ئۇيقۇ كىرمەيدۇ. ئەمدى ئولۇپ كەتسەم-
مۇ ئارمانىم يوق. (ئايخان سۇپا ئۇستىگە قويۇپ قويغان
داسىنى قولىغا ئېلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ، سىرتتىن
مۇرات ئىسقىرتىپ كىرىپ كېلىدۇ.)

ئايخان: بۈگۈن بۇلەكچىلا خۇشالغۇ بالام سەن؟!

مۇرات: بوگۈن مەن ئۈچۈن يېڭى خۇشخەۋەر بار ئانا، مەن
خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن.

ئايخان: خۇشاللان بالام، بەختىڭ كەڭ بولسۇن، سىنىڭ
خۇشاللىقىڭ ئاناڭنىڭ خۇشاللىقى. (ئايىخان ئانا سۇ-
پىغا كىلىپ ئولتۇرۇدۇ.)

مۇرات: نىمە، خۇشخەۋەر دەپ سورىمايسەنغۇ ئانا؟

ئايخان: سوراي بالام، سوراي، نىمە خۇشخەۋەر ئىكەنلىكى-
نى ئېيتە قېنى!

مۇرات: (ناخشا)

ئويلىسام بەختىمنى شۇ تاپ،

تەنگە سىغمايدۇ جېنىم.

كوكتە پەرۋاز ئەيلىگەن
لاچىنغا ئوخشاش شات دىلىم.

كۆلدى ئەڭ زور ئارزۇيۇم،
مېھرىۋانىم جان ئانا.
تەلپۈنۈپ كۆتكەن سەپەرگە،
ئاتلىنار بولدۇم مانا.

ئايخان: سەپەر؟
مۇرات: ھەئە.
ئايخان: نىمە سەپەر؟
مۇرات: ئانا، سەپەرگە چىقىشىمغا قوشۇلامسەن؟
ئايخان: ئالدى بىلەن قانداق سەپەرلىگىنىنى ئېيتىپ باقمامسەن؟
مۇرات: قانداق سەپەر ئىكەنلىگىنى ئۆزەڭ قىياس قىلىپ باقە قېنى.
ئايخان: قىياس قىلسام ۋىلايەتكە يىغىنغا بارارسەن.
مۇرات: ياق.
ئايخان: بولمىسا ئۇرۇمچىگە يىغىنغا ئېيۋەتمەسەر
مۇرات: تاپالمىدىڭ.
ئايخان: بۇ گەپلەرنى كېيىن سوزلىشەيلى بالام، بوگۇن كەچ قېيىنى ئاتاڭ ـ قېينى ئاناڭ بىزگە مېھمان بولۇپ

كىلىشلىمۇ ئەمەسمۇ، شۇلارنى ياخشىراق كوتۇۋالايلى. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ئەتە، ئۇكۇنلەردە بارىدىغان يىرىڭگە
بېرىپ كىلەرسەن.

مۇرات: ئانا، ساڭا بوگۈن گەپنىڭ راستىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ، ئۆتكەن ئايدا يەنجۇشىڭلىققا ئىمتىھان بەرگەن ئىدىم، بۇ گەپلەرنى ساڭا ئېيتىپ يۈرمىگەن. بوگۈن ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىم ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ.

ئايخان: پاھ، ئەقىللىق ئوغلوم.

مۇرات: پايتەختتىن چاقىرتىش ئەغىزىمۇ بىللە كەپتۇ، ئەمدى بېيجىڭگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئايخان: راستمۇ؟

مۇرات: راست.

ئايخان: بار بالام، بار. ئاتاڭ رەخمەتلىكمۇ پايتەختكە بارالىغان ئەمەس، مەنمۇ بېيجىن دەپ ئاڭلايمەن، كىنولاردا، رەسىملەردە كورۇمەن . . . بۇ ئامەت ساڭا نېسىپ بولغان بولسا بار بەختلىك ئوغلۇم.

مۇرات: ياشاپ كەت ئانا، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. (ئوز-ئوزىگە) ھەي، ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى، يەنجۇشىڭ بولىدىغان بولدۇم.

ئايخان: بالام يەنجۇشىڭ - پەنجۇشىڭ دىگىنىڭ نىمىسى؟

مۇرات: يەنجۇشىڭ دىگەن تەتقىقات قىلغۇچى ئوقۇغۇچى

دىگەن گەپ بولىدۇ.

ئايخان: سەن يەنە ئوقۇغۇچى بولماقچىمۇ؟

مۇرات: شۇنداق ئانا.

ئايخان: داشۆيدىنمۇ كاتتا مەكتەپ بارمۇ يالام؟

مۇرات: مەن بارىدىغان مەكتەپ داشۆيدىنمۇ كاتتا.

ئايخان: ئالىم بولىدىكەنسەندە.

مۇرات: ئالىملارمۇ بىزدەك ئادەملەر ئانا، جان تىكىپ ئۆگەنسەك بولغىلى بولىدۇ.

ئايخان: ئېيتە ئەقىللىق بالام، ۋاختى قانچىلىك ئىكەن؟

مۇرات: ئۈچ يىل.

ئايخان: (چۆچۈپ كېتىدۇ) نىمە دىدىڭ، سەن شۇ ئۈچ يىللىق مەكتەپكە بارماقچىمۇ؟

مۇرات: ھە ئە. ئانا.

ئايخان: ئالىجىپ قاپسەن، قېرى ئاناڭنى تاشلاپ، يېقىندىلا توي قىلغان خوتۇنىڭنى تاشلاپ نەگە بارماقچى، تېخى ئۈچ يىل . . .

مۇرات: ئانا، (ناخشا)

جان ئانا توسما مىنى،
قويغىن ئوقۇشقا بارغىلى.
چۆكەي بىلىم ئوكيانىغا،
ياقۇت ـ گۆھەرلەر ئالغىلى

ئايخان: ئالجىما ئوبدان بالام،
بىللە ياشايلى ياخشىسى.
ئۈچ يىل ئوقۇپ ئالىم بولۇش،
ئاسماندىكى غاز شورپىسى.

ئەتىكى گوشتىن بوگۈنكى -
ئۆپكە ياخشى دەيدۇ ئەل.
قالدىڭ بولۇپ بىر ئويگە باش
سەن بولما بۇنداق لايغەزەل.

مۇرات: يەتكىن بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە،
ھەي جان ئانا گەپنى چۈشەن.

ئايخان: زادى بارمايسەن ئوقۇشقا،
سوزلىردىگە كون - ئىشەن.

مۇرات: بۇنداق كاژلىق قىلما ئانا.

ئايخان: ئوبدان بالام، بىچىنگە ئىكىسكۇرسىيىگە بارساڭغۇ باشقا گەپ ئىدى، ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا دەيسەن، مەن ياشىنىپ قالدىم. ئولۇم دىگەن قەرەلسىز، يۈزۈمنى كورەلمەي قالىسەن، بارمىغىنىڭ ياخشى بالام.

مۇرات: يوق خىيالنى قاما ئانا، ھازىر سالامەتلىگىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىپ باردىۇ. يەنە ئۇزۇن يىللار ياشايسەن تىنچى، تەتۈرلۈك قىلما ئانا.

ئايخان: سەن ئاخماقلىققا بىر دېسەڭ، مەن يول قويسام ياخشى دەر ئىدىڭ شۇنداقمۇ؟

مۇرات: بىلىم ئېلىشنى ئاخماقلىق دىگىلى بولامدۇ؟

ئايخان: بىلىم ئالدىڭمۇ، يەنە بىلىم ئېلىپ ئەرشى - ئالاغا چىقامتىڭ؟ داداڭ بىلىم ئالغان، ئولە - تىرىلىشكە باقماي ئۆگەنگەن، تىرىشىپ بىلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن قانداق ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈپ جان ئۈزدى. داداڭنىڭ جېنىغا زامىن بولغانمۇ شۇ بىلىم، ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ يىگانە چىرىغى بىرلا ئوغلۇم بار دەپ ساڭا تاغدەك ئۈمىت باغلىدىم، ساڭا سۈيۈندۈم. داشۆيگە ئوقۇشقا بارىمەن دىدىڭ، ئىلاجىسىز رايىڭغا باقتىم، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ماڭغىنىڭدا بىرسى يۈرۈگۈمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتكەندەك ئازاپ چەكتىم. ئانا دىگەن بالىغا چىدىمايدىكەن. (ئايخان ئانا كوز يېشىنى قىلىدۇ، مۇراتنىڭمۇ كوڭلى بۇزۇلىدۇ.)

مۇرات، بولدى ئەمدى ئۇ چاغلارنى ئەسلىمەيلى.

ئايخان: نىمىشكە ئەسلىمەيدىكەنمىز، سەن ئويىدىن چىقىپ كېتىپ تاكى قايتىپ كولگۈچە نىمە كۈنلەرنى كوردۇم بىلەمسەن؟ ۋاي، بالام نىمە بولدىكىن، كېسەل بولۇپ قالدىمىكىن، بىرەر خېيىم - خەتەرگە يولۇقتىمىكىن دەپ كۈلدۈزى گېلىمدىن نان ئوتمەيدۇ، كېچىسى ئويقا

يوق توت يىلنى ئۆتكەزدىم. ئەمدى بالام قايتىپ كې-
لىدىغان بولدى دىگەندە بۇ يۇرتتا يامان سوز - چۆ-
چەكلەر كوپۆيۈپ كەتتى، ۋاي، ئايخاننىڭ ئوغلى گۆ-
لاغا يىتىپ قالغانمىش، ئەكسىلئىنقىلاپچى بولۇپ قاپتۇ
دىگەن گەپلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ يۈردى، ئۇ
ئېغىر كۈنلەردە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، ساراڭ بو-
لۇپ قېلىشقا ئاز قالغاندا «4 كىشىلىك گوروھ» يوقۇ-
لۇپ سەنمۇ ساق - سالامەت قايتىپ كەلدىڭ،
ئېيتمىغىنىڭ بىلەن ھەممىنى بىلىمەن، ئەمدى بېشىڭنى
ئالسەن دىسىمۇ سىنى كەتكۈزمەيمەن، خاتىرەڭنى جەم
قىلىپ خىزمىتىڭنى ئىشلە!

مۇرات: (ناخشا)

ئويلان ئانا سىنىڭچە،
بىلىم ئېلىش يامانمۇ.
يۈكسەلمىسە ئىلىم - پەن،
گۈللىنەمتى جاھانمۇ.

ئايخان: ئىلىم سويۈش جىنايەت
بولغان ئىدى داداڭغا.
دەرت - ئەلەمنى قالدوردى،
مەن بىچارە ئاناڭغا.

مۇرات: تەگەۋەرمە ئانىجان،

ئۆتۈپ كەتتى ئۇ كۈنلەر.
تۈزەلمەكتە جاھانمۇ،
يورۇماقتا كۆڭۈللەر.

ئايخان: ئېسىڭدىمۇ جان بالام،
ئېسىڭدىمۇ شۇ چاغلار.
ئېسىڭدىمۇ يۈرەككە
ئورناپ كەتكەن شۇ داغلار.

مۇرات: ھەممىسى ئېسىمدە ئانا.

ئايخان: ھايۋان جىنىدا بىر قېتىم پۇتى سىيپىلغان كوۋرۇككە ئىككىنچى رەت دەسسىمەيدۇ بالام، سەن ئادەم، ئۆزۈڭ ئۈستىگە خەخلەرنىڭ ئالدىدا بالام ئەجەپ ئەقىللىق ئادەم بولدى دەپ ماختاپ كېتىمەن، ئېقىللىقىڭ شۇنچىلىكمىدى؟ شۇ بىلىمىڭ يېتىدۇ. داداڭ كورگەن كۈنلەرنى سەن كورمە، مېنىمۇ تىنچ-ئامان ياشىغىلى قوي.

مۇرات: دەۋر ئوخشىمايدۇ، ئۇ چاغدا «4 كىشىلىك گوروھ»نىڭ كاساپىتىدىن بىر داداملا ئەمەس، ئىشقىلىپ ئىلىم سويگەن، ئاما ئىچىدە مەلۇم تەسىرى بار كىشىلەرنى «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى»، «چەتكە چوقۇنىدۇ»، «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش نىيىتى بار» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇ-خىل بەدناملار بىلەن كۆرەشكە

تارتتى، دادامنى بولسا كېچە - كۈندۈز قىينىدى، يال-
غانى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى، قاتمۇ - قات جىسما-
نى ۋە روھى زەربە ئىچىدە دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالدى. قارىلانغان دادام ئاخىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوش-
لاشتى. (مۇراتنىڭ ئاۋازى بوغۇلىدۇ، ئايخان ئانا بول-
لۇقلاپ يىغلاپ تاشلايدۇ.) مانا بۈگۈنكى كۈندە ھەق-
ناھەق ئايدىڭلاشتى، دادامنىڭ نامىنى بولسا تامامەن
ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئايخان: قىلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ نا-
مىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى،
بىز ئۈچۈن مىڭ تاغار ياخشى گەپتىن داداڭنىڭ
بىز بىلەن بىللە بولغىنى مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئەمەسمىدى.

مۇرات: دادامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئەكسىيەتچى لۇشيەن
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش بولسا توغرى لۇشيەنىنىڭ مەھسۇلى. بۇ، بىز ئۈ-
چۈن ئېيتقاندا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئايخان: شۇنداقتىمۇ بەرىبىر ئۆلگەن جان تىرىلمەيدۇ - دە.

مۇرات: دادامنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى-
كى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى كۈندىلىك تۇر-
مۇشىمىزدا قانچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش بارلىقىنى ھېس
قىلمىدىڭمۇ؟ ئىلگىرى ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئائىلە - تا-

ۋابالى دەپ ئاردىلاتتۇق، ئاممىۋى يىغىنلاردا گەپ قاتا-
رى پىكىر قىلىشقا پېتىنالمايتتۇق.

ئايخان: ئۇنى دېسەڭمۇ راست، پىكىر قىلالمىغىنىمىزغۇ بىر گەپ، ھەممىدىن ئېغىرى يامان كوزلەرنىڭ سوغۇق نەزەرلىرىدىن قورقۇپ ئويىدىن تالاغا چىقىشقىمۇ يۈرۈگى چىدىمايتتى كىشىنىڭ.

مۇرات: ھە، بەللى. ئېسىڭىزدىمۇ قورقۇنۇچلىغى، مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر يامان ۋەقە يۈز بەرسە ئېنىقلىماي، ئايدىڭلاشماي بولغۇچە ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئىسمىمىزنىڭ كەينىگە سوراق بەلگۇسى قويۇلاتتى، ئارقىدىن بىزنى چاقىرىپ شۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بارغان - كەلگەن، تۇرغان - قوپقان يەرلىرىمىزنى بىرمۇ - بىر سۈرۈشتە قىلاتتى.

ئايخان: ئاھ، ئۇ كۈنلەردە ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشتىنمۇ قورقاتتۇق.

مۇرات: مانا ھازىر مەكتەپ باشلىقلىرى ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ھال سوراپ كېلىپ تۇرۇدۇ، ئەل - يۇرتنىڭ مۇئامىلىسىمۇ شۇنچىلىك قىزغىن. «توت كىشىلىك گوروھ» نى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش يىغىنلىرىدا سۆزگە چىققانلار ئائىلىمىزنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىغىنى مىسالغا ئېلىپ ئەكسىيەتچى لۇشيەن ئۈستىدىن شىكايەت

قىلىشتى.

ئايخان: ئۇغۇ شۇنداق.

مۇرات: شۇنداق ئىكەن، نېمىشكە دادامنىڭ نامىنى ئەس-لىگە كەلتۈرسىمۇ - كەلتۈرمىسىمۇ بەرىبىر بولىدىكەن؟

ئايخان: ياق ئەمدى . . . ئىشقىلىپ . . . پارتىيىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى جىق بولدى.

مۇرات: ياخشىلىقى جىق بولدىلا ئەمەس، پارتىيە ئائىلى-مىزگە قايتىدىن يېڭى هايات بەردى.

ئايخان: هەئە، قايتىدىن هايات بەردى دېسەكمۇ ئەرزىي-دۇ بالام.

مۇرات: ئەمدى، بىزگە قايتىدىن هايات بەرگەن پارتىيىگە نېمە دەيمىز؟

ئايخان: ئەلبەتتە رەهمەت دەيمىز - دە.

مۇرات: شۇ نىڭ بىلەنلا ئىشنى تۈگۈتىمىزمۇ؟

ئايخان: ئىشقىلىپ قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىشلىمەيمىزمۇ.

مۇرات: دۇرۇس ئېيتىسەن ئانا، پارتىيىمىز ئۈچۈن، خەل-قىمىز ئۈچۈن قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلى-شىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا توغرى كېلىدۇ.

ئايخان: ئەلبەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە.

مۇرات: سەن ئاغزىڭدا «ئەلبەتتە» دەيسەنۇ، ئەمەلىيەتتە

پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇسەن.

ئايخان: مەن قانداقچە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتۇم؟

مۇرات: پارتىيە بىزدىن دولىتىمىزنى تونتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كورسەتۇشكە چاقىرىۋاتىدۇ . . .

ئايخان: ئەمدى مەن قېرى خىزنىنى نىمە قىلسۇن دەيسەن؟

مۇرات: سىنى تاغ يوتكەپ بەردىمەيمىز ئانا، بىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

ئايخان: توۋا دەيمەن، مەن قاچان سىنى خىزمەتكە كېچىكتۈردۇم، ھەممىشە بار بالام ياخشى ئىشلە، بالىلارنى ئوبدان ئوقۇت دەيمەنغۇ.

مۇرات: سەن پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇسەن شۇنداقمۇ؟!

ئايخان: شۇنداق

مۇرات: سەن خىزمىتىمگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بىرىدىسەن شۇنداقمۇ؟

ئايخان: ھەئە.

مۇرات: ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق؟

ئايخان: ۋاي - يەي، قەسەم ئىچكۇزەمتىڭ؟

مۇرات: ئۇنداقتا، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى تونتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەن - تېخنىكىنى

زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زورۇرلىكىنى كۆرسەتتى. بىزنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيادىكى زامانىۋى پەن - تېخنىكىسى-نى ئىگىلىگەن ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىش ئىخ-تىدارىغا ئىگە بولغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك . . .

ئايخان: قېرىپ قالغىنىمدا دەرسلىرىڭ مېڭەمگە كىرمەي-دۇ بالام، سەن بىز سىياسەتلىرىڭنى ئوقۇغۇچىلىرىڭغا سۆزلەپ بەر. مېنى كولدۇلاتما!

مۇرات: ئانا ئاڭلاپ تۇرماسەن . . . ھۆكۈمەت بىز ئىش-لارنى قولغا ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ، شۇڭا ئىچكىردە مەخ-سۇس پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ۋە مەكتەپلەرنى ئېچىۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىز ئېھتىياجى بىلەن مەنمۇ بىلىم ئېلىشقا بەل باغلىدىم. مانا بۈگۈن ئىمتىھان نەتىجەمگە ئاساسەن چاقىرتىش قەغىزى كەپتۇ. ئەمدى مېنىڭ ئۆ-گىنىشىم ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىم ئۈچۈن سەن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلدى، بىراق سەن چۈشەنمەي . . .

ئايخان: ھە، گەپنى يورغىلىتىپ مەشەگە ئەكەلدىڭ، قۇۋ-لىغىنى تېخى . . .

مۇرات: ئانا يەنىلا تەتۈرلۈك قىلامسەن؟

ئايخان: ھەي بالام، (ناخشا)

مەشەدىنمۇ بىر گوبدان
قوچقان شەرەپ ـ شانىڭ بار.
ھورمەتلەيدۇ ئەل سىنى،
يۇرت ئىچىدە نامىڭ بار.

تۇرمۇشىمىز باياشات،
تۆۋەن ئەمەس ھېچكىمدىن.
مەيلى ئۈگەن كۈنۈ ـ تۈن،
يىراق بولما يېنىمدىن.

مۇرات: زادى گەپنى چۈشەنمەيۋاتىسەن ئانا.

ئايخان: ئۈزاپ كەتسەڭ يېنىمدىن،
نان ئوتمەيدۇ گېلىمدىن.

مۇرات: ئانا، سەن ئىشلارنى بەك تار ئويلايسەن.
ئايخان: چىدىمايمەندە.
مۇرات: ئېيتە: مەن سەندىن ئايرىلىپ ئويدىن چىقىپ
كېتىمەن دەۋاتىمەنمۇ؟
ئايخان: ئۇنداقمۇ ئەمەس.
مۇرات: ئەمىسە نېمىگە كاژلىق قىلىسەن؟
ئايخان: ئايرىلماسلىق دەيمەن ـ دە.
مۇرات: ئايرىلىپ ئۆلگىلى كەتمەيمەن، بەرىبىر قايتىپ
كېلىمەنغۇ، ماقۇل دېسەڭ بولمامدۇ ئانا.

ئايخان: مەنمۇ ماقۇل دېگەنمۇ بولاي، چىمەننىڭ ئالدىدا نىمە دەيمىز.

مۇرات: بۇ خەۋەر چىمەننى خوشال قىلمايدىغانلىقى ماڭا ئايان، ئەمما ئۇ ئۇ ئاشىق بىر ياش، ئەھۋالنى ياخشىلاپ چۈشەندۇرسەك ماقۇل بولۇشمۇ قالار.

ئايخان: ئاشىق بولغىنى ئۈچۈن توي خېتى ئېلىپ بولۇپمۇ بەش يىل ساقلىدى، توي قىلىش ئالدىدا هازىرقىدەكلا «داشوېگە بېرىپ ئوقۇپ كەلسەم، توينى كېچىكتۈرسەك» دەپ تۇردۇڭ. بىچارە چىمەنگۇلۇم «ماقۇل بېرىپ ياخشى ئوقۇپ كىلىڭ» دېدى. شۇنچە يىللاردىن بىرى بولسا سېنىڭ هالىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بىراق كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغانلىقىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئەمدى بۇ گەپنى يەنە ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىمىز.

مۇرات: ئانا، سەلمۇ ئېيقسىڭ، مەنمۇ چۈشەندۇرەي، (ئويگە چىمەن كىرىپ كىلىدۇ. ئانا - بالا ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزمەيدۇ.)

ئايخان: ئېيتمەن دىسەڭ ئۆزەڭ ئېيت، مەن بۇ گەپنى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتىمەن، ئوتكەن بىر نەچچە يىلدا سېنىڭ توغراڭدا مەن قانچىلىك دەرت تارتقان بولسام، چىمەنگۇلمۇ شۇنچىلىك بىئارام بولدى. بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ پەقەت يۈرۈكىنى يارا قىلى-

سەن، ئۇنىڭدىن باشقا پايدا يوق.

چىمەن: قايسى گەپ ئۇ؟ (ئايخان ئانا بىلەن مۇرات چۆچۈپ چىمەنگە قارايدۇ.)

ئايخان: (مۇراتقا قارىتىپ)

ئېيتقىن قېنى گەپلىرىڭنى،
چىمەنگۈلمۇ كەلدى مانا.

مۇرات: . . . . . .

چىمەن: يوشۇرماستىن ئېيتىڭ مۇرات،
نېمە ئىش ئۇ، ئېيتىڭ ماڭا.

(مۇرات ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ دەرىزە ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ ۋە يىراقلارغا كۆز تىكىدۇ.)

چىمەن: ئەندىشىگە سالماي مېنى
سىز ئېيتىڭا، ئېيتىڭ ئانا.

ئايخان: (كوز يېشى قىلىپ چىمەننىڭ بېشىنى سىلايدۇ).

چىمەنگۈلۈم ـ چىمەنگۈلۈم،
ئەتىۋارى يوق گۈلمىدىڭ.
نەۋ باھاردا كوڭلى مىسكىن،
تەلپىي كاز بۇلبۇلمىدىڭ.

چىمەن: ئانا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

ئايخان: (غەمكىن بېشىنى چايقاپ داسنى ئالىدۇ-دە، مۇ-
راتقا قارىتىپ)، ئۆز ئىشىڭ بولغانلىكىن گوزەڭ دېگىن.
(چىمەنگە قاراپ) تونۇر قىزىپ قالدى قىزىم، مەن
ناننى يېقىۋېتەي.

چىمەن: مەنمۇ يېقىشىپ بېرەي (يەڭلىرىنى تۈرۈپ مېگىش-
قا تەمشىلىدۇ.)

ئايخان: بولدى ئۆزەم يېقىۋىرەي. (چىقىپ كېتىدۇ)

چىمەن: مۇرات ئېيتىڭا، زادى نىمە ئىش بولدى؟

مۇرات: (چىمەنگە بىر پەس كوز تىكىپ تۇرغاندىن كې-
يىن، ناخشا)

قانچە يىللاردىن بىرى بىللە يۇرۇشتۇق ئىككىمىز،
ئۇلغۇيۇپ باردى كوڭۇللەردە مۇھەببەت-مېھرىمىز.

ئوتتى كۈنلەر، ئارىمىزغا چۈشتى قانچە پىتنىچى،
بولدى شەرمەندە ئۇلار، باغلاندى چىڭ دىل رىشتىمىز.

ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ دەيتتۇق ۋەتەن دەپ ئىشلىسەك،
كەلگۈسى ئەۋلات ئۈچۈن قالسا ياراتقان تۆھپىمىز.

شۇ ئۈمىت-ئىستەك ئۇزاق يىل ئارتقا سۇردى توينىمۇ،
ئەمما تۇردى دىلدا ياشناپ ۋەدىمىز ۋە ئەھدىمىز.

ھە، بۈگۈنمۇ كەپ شۇ ھەقتە (سىز ئۈچۈن قايتا سىناق)
تەكتىگە يەتكەندە ئىشنىڭ قوشۇلارسىز بەلكى سىز.

چىمەن: (تىرىكىپ) نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتمامسىز!
مۇرات: سىز بۇنىڭغا توغرى قارىيالايسىز چىمەن، بىرقانچە يىللىق ئوقۇشقا بارىدىغان بولۇپ قالدىم.
چىمەن: يەنە ئوقۇش؟
مۇرات: ھەئە.
چىمەن: (ئىشەنمىگەن قىياپەتتە) ئۇنداق ئەمەستۇ.
مۇرات: شۇنداق.
چىمەن: داشۆيدە ئوت يىل ئوقۇپ كەلدىڭىزغۇ؟
مۇرات: بۇ قېتىمقى ئوقۇشۇم داشۆيدىنمۇ زورۇر.
چىمەن: ئۈچ يىل؟
مۇرات: ئۈچ يىل.
چىمەن: بىزنى يەنە تاشلاپ كېتەمسىز؟.
مۇرات: بۇ ئىشقا ئىلمى ۋە توغرا مۇئامىلىدە بولۇدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن چىمەن.
چىمەن: ئىلمى ۋە توغرى مۇئامىلىدە بولۇپ سىزنى قانچە يىل كۈتتۇم. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بىز يۈرگىلى يەتتە يىلدىن ئاشتى، توي خېتى ئېلىپ بولۇپمۇ بەش يىل ساقلىدىم. ئەمدى ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا ماڭماقچىمۇسىز.
مۇرات: بۇ تېپىلمايدىغان ياخشى پۇرسەت قارالڭ، مەن ئۈچۈن زور بەخت. سىز ئادەتتە سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ بەختىم دەيتتىڭىزغۇ؟!

چىمەن: ئۇنداقتا، ئۆمۈر بويى جاھان كەزدى بولۇپ يۈر-
سىڭىز، مەن شۇنى بەخت دەپ بەللىرىم مۈكچەيسە،
چاچلىرىمغا ئاق كىرسە بولىدىكەندە.

مۇرات: ئۇنداق ئەمەس . . .

چىمەن: ھەممىنى بىلىمەن، سىزنىڭ ياخشى كۆرىمەن دىگەن-
لىرىڭىزنىڭمۇ ئاغزىڭىزدىكى قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنىمۇ
بىلىمەن.

مۇرات: بۇ گەپلىرىڭىزنى ئارتۇقچە قىلىۋاتىسىز چىمەن.
(چىمەن ئۆكسۈپ يىغلايدۇ، مۇرات ئۇنىڭ مۈرىسىگە قو-
لىنى قويىدۇ.) خوشال بولۇشنىڭ ئورنىغا كۆز يېشى
قىلىۋاتىسىز.

چىمەن: (ژۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ناخشا)

ئوزىڭىزنى دۇنيادا،
ئەڭ ۋىژدانلىق سانايسىز.
ھەدىسىلا قانچە يىل،
تاشلاپ كېتىپ چىدايسىز.

ئېيتىڭ مۇرات، ئېيتىڭا،
ئېيتىڭ گەپنىڭ راستىنى.
سۆزۈڭ ئەمەس، تۇمانلىق
شۇ تاپ كوڭلۇم ئاسمىنى.

سۆيگۈ دىگەن زەگەچى
ياسايدىغان بىزەكمۇ.
كوگۈل دىگەن كۈيۈپلا
ئۆچۈدىغان تىزەكمۇ؟

مۇرات: ئۇيالمامسىز چىمەنگۈل،
بۇنداق گەپنى دىيىشكە؟

چىمەن: ئۇيالمايسىز ئۇزىڭىز،
مىنى تاشلاپ كىتىشكە.

مۇرات: ئەلپازىڭىزدىن قارىغاندا سىز بىلەن ھازىر سۆزلەشكىلى بولمىدىغاندەك ئەمەس، ھازىرچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن كەچكى ئولتۇرۇشنىڭ كەم - كۈسىلىرىنى ئېلىپ كىرەي، (چۈشكۈر خىيالغا پاتقان مۇرات قولىغا سومكا ئېلىپ چىقىپ كىتىدۇ، چىمەن ئۆزىنىڭ ئارىفىسىدىن ئىشىك توۋىنگىچە بىرىدۇ ۋە ئۇزىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالىدۇ.)

چىمەن: (ئۇز - ئۇزىگە) ئۇ، مىڭا ۋاپاسىزلىق قىلارمۇ؟ (خىيالغا چۈكۈدۇ، ئارقىدىنلا چۈچۈپ) ياق، ياق... ئۇ، مىنى يامان كورمەيدۇ، بىراق ئوقۇشقا كەتسە... (ناخشا)
راستىن مۇرات ئوقۇغىلى كىتىپ قالارمۇ،
ئۇزاقلارغا تاشلاپ كىتىپ كوگلى چىدارمۇ.

ئىشەنمەيمەن باغرى قاتتىق تۇرەلمىگەن ئۇ،
ۋاپاسىزلىق بۇشۇكىگە بۆلەنمىگەن ئۇ.

ئومۇر بويى ياخشى كورەر، ئايرىلماس مەندىن،
مىنى دەپلا ۋاز كېچەلمەس ۋە ئىلىم - پەندىن.

پەن ئىشقىدا يولغا چىقسا مەيلىغۇ دەيمەن،
بىراق كوپ يىل مەن ئۇنىڭسىز قانداق چىدايمەن.

(ئايخان ئانا ياققان نانلىرىنى كوتۇرۇپ كىرىدۇ، چىمەن داسنى قولىدىن ئېلىپ ئىچكەركى ئويگە كىرىپ كېتىدۇ).

ئايخان: ھەي، بىچارە قىزىم. (چىمەن چىقىدۇ) نىمە دىيىشتىڭلار بالام؟

چىمەن: نىمە دىيىشەتتۇق، يەنە ئوقۇشقا بارىدىكەن.

ئايخان: (چىمەننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ) ئوقۇشقا بارغۇزمايمىز قىزىم، بارغۇزمايمىز. ئۇ، ئۇزىنداق دىگەن بىلەن ئىككى ئېغىز گەپىنىڭ بىرىدە ۋاي چىمەن قېنى، چىمەن تاماق يىدىمۇ، ئۇ قەيەرگە كەتتى دەپ سىنى سوراپلا يۈرۈيدۇ. ئىشقىلىپ سىنىڭ كوڭلۇڭنى قەۋەتلا ئاياپدۇ. ئەمدى ئۇزىنىڭ ئوقۇش، ئوقۇش دەپلا يۈرۈشى دادىسىدىن قالغان مىجەز.

چىمەن: ئوقۇسىغۇ ياخشى، ئەمما . . .

ئايخان: بىز چىدىمايمىز - دە، قىزىم. ئۈچ يىل دىگەن
قىسقا ۋاختىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالنى بىلمىگەنلەر
نىمىلەرنى دىمەيدۇ. بۇ مەھەللىنىڭ ئايالىرى سوز - چۆ-
چەك توقۇغىلى بەك ئۇستا؛ ھە - مانا، ئايخاننىڭ ئوغ-
لى توي قىلىشتىن قېچىپ توت يىللىق ئوقۇشقا كېتىپ
ۋالغان ئىدى، ئەمدى ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا مېڭىپتۇ. ئۇ،
ئايالىنى ياخشى كورمەيدۇ، قوتۇلالماي قىلىۋاتقان ئىش
دىيىشتىن يانمايدۇ.

چىمەن: شۇنداقمۇ دەرمۇ؟

ئايخان: بۇ مەھەللىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئاغزى يامان قىزىم،
ھەر نىمىلەرنى دەيدۇ.

چىمەن: بۇ خەۋەرنى ئانامىلار ئاڭلىسا نىمە دەر.

ئايخان: ئۇلارمۇ ھېلى كىلىدۇ. ھەممىمىز مۇراتنى ئارىغا
ئېلىۋېلىپ سوزلەيمىز، ئەگەر ئوقۇشقا بارىمەن دەپ-لا
تۇرساڭ سەندىن كېچىمىز دەيمىز.

چىمەن: كېيىن بىزدىن رەنجىپ يۈرمەسمۇ؟

ئايخان: ياق رەنجىمەيدۇ، ئۇ بىزنىڭ گىپىمىزنى ئاڭلاي-
دۇ، سەن كوپرەك پوپوزا قىل جۇمۇ!

چىمەن: سىزمۇ سوزلەرسىز؟!

ئايخان: ۋاي، مەن ئەتىگەندىن بىرى سوزلەپ ئاغزىمنىڭ
بىر قات تىرىسى چۈشتى، ئاخىرى يەنە مىنى قايىل

قىلىپمۇ قويدى، ئۇ سىياسەتۋازغا تەگىشلىك بولغىلى بولامدۇ. (سىرتتىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىدۇ، ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دومسىيىپ ئولتۇرۇشىدۇ. مۇرات سومكا كوتەرگىنىچە كىرىپ كېلىدۇ)

مۇرات: (ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى پايقاپ چاقچاق بىلەن سۆزلەيدۇ) پاھ، ھالىڭلار ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدىنمۇ يامانغۇ؟

ئايخان: (ئاچچىق قىلىپ، نەخشا)

سەپرايىمنى ئۆرلەتمىگىن،
يىغىشتۇر بۇ چاقچىقىڭنى.

مۇرات: (كۈلۈپ) چىچىلماستىن سۆزلە ئانا،
بېسىۋېلىپ ئاچچىقىڭنى.

چىمەن: راستىن سىزگە سۆزىمىز بار،

مۇرات: سۆزلەڭ چىمەن ئاڭلاي قېنى.

ئايخان: ئاڭلىماسقا ھەددىڭ ئەمەس،

چىمەن: بۇنچىلا خار قىلماڭ مېنى.

مۇرات: بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ئايخان: ئۆزلىرى ئالىم بولىدىغان دانىشمەن كىشى تۇرۇپ، نېمە دېگىنىمنى بىلەلمىدىلىمۇ؟

مۇرات: سىلەرگە نېمە دېسەم بولار ئەمدى.

چىمەن: كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى دەڭ، سىزدىن

بىزار بولدۇم كۆزۈڭىزدىن يوقۇلاي دەك.

مۇرات: (ئەلەم بىلەن) مېنى جىلى قىلىپ ئولتۇرەي دەمسىلەر؟



(ناخشا)

جاندىن ئېزىز سىرداشلىرىڭغا،
دىل سىرلىرىڭنى بىلدۈرەلمەسەڭ.
مەخسىدىڭنى ئېيتىپ كۈن بويى،
بىراق سوزگە كوندۇرەلمەسەڭ.
كىشى ئۈچۈن ۋىژدان ئالدىدا،
بىزدىن ئارتۇق ئازاپ بولامدۇ.

ئايخان: يىراق يۈرتقا كەتسە بالىسى،
ئانا ئاكا چىداپ تۇرامدۇ.

چىمەن: شۇ تاپ سىزنىڭ خىيالىڭىزنى،
ئېيتىڭ مۇرات بىلىپ بولامدۇ؟

مۇرات: ئانا، تېخى باياتىن ماقۇللۇققا باش لىڭشىتىۋىدىڭ، بىر ھەمدەملا تەتۈرسىچە گەپ قىلىپ يۈرۈيسەن، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟

ئايخان: تېخى ماقۇل دېگەن ئادەم يوق.

مۇرات: زادى مەخسىدىڭلار نىمە؟

ئايخان: مەخسىدىمىز مەشەدىن كەتكۈزمەسلىك.

مۇرات: چىمەن سىزمۇ شۇ پىكرىڭىزدىن قايتمامسىز؟

چىمەن: قايتالمايمەن، مۇبادا ئوقۇشىڭىز مۇشۇ شەھەردە بولۇپ ئومۇر بويى ئوقۇسىڭىزمۇ مەيلى دېگەن بولاتتىم، ئەمما . . .

مۇرات: ئوقۇشقا قەتئى بارىمەن، بۇنىڭغا نىمە دەيسىلەر؟

ئايخان: (غەزەپ بىلەن) بارمايسەن.

مۇرات: بارىمەن دېدىم، بارىمەن.

ئايخان: بارمايسەن، بارمايسەن. (سىرتتىن ئېزىز بىلەن توخان كىرىپ كېلىدۇ، ئايخان دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ مېھمانلار بىلەن ئامانلىق سورۇشىدۇ. مۇراتمۇ قېينى ئانىسىغا سالام بېرىپ، قېينى ئاتىسى بىلەن قول ئېلىشىدۇ. تەكەللۇپلار . . . چىمەن ئاتا - ئانىسى بىلەن سوغۇقلا سالاملىشىپ ئولتۇرۇدۇ، ئۇنىڭ ئىچى

بىر پەس سۈكۈتكە چوكۇدۇ.)

ئېيزىز: ئويلىنىشلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن) بوگۈن ھەممىگلار بىسەرەمجان ئوخشىمامسىلەر؟

ئايخان: (ئالدىراپ ـ تىنەپ) يۇخسۇ، يۇخسۇ (مېھمانلارغا داستىخان تارتىدۇ.)

مۇرات: راستىنى ئېيتقاندا ئۆچىلىمىزنىڭ كوڭلى بىئارام، ئەسلى خوشال بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئېيزىز: ئاراڭلاردا بىرەر ئوقۇشالىق يۈز بەرمىگەندۇ؟

مۇرات: بۇ ھېچقانداق ئوقۇشالىق ئەمەس، ئوتكەندە ئوقۇشقا بېرىش نىيىتىمنى سىزگە ئېيتقان، سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىپ ئىمتىھان بەرگەن ئىدىم . . .

ئايخان: قېنى داستىخانغا باقايلى.

ئېيزىز: ھەممىسى ئېسىمدە. (ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئېيزىزغا ئاغدۇرۇلىدۇ.)

مۇرات: بوگۈن ئىمتىھاندىن ئوتكەنلىكىم ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ، چاقىرتىش قەغىزىمۇ بىللە بار.

ئېيزىز: مەملىكەتلىك پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىنمۇ؟

مۇرات: ھە ئە.

ئېيزىز: تولۇمۇ ياخشى بوپتۇ.

ئايخان: نىمە دەۋاتىدىلا؟

ئېيزىز: ئوقۇشقا بارسۇن دەۋاتىمەن.

چىمەن: دادا سىزمۇ شۇنداق دەمسىز؟

ئېزىز: (سالماقلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇدۇ)

ئايخان: تووۋا خۇدايىم، سىلىنىڭ ئاغزىلىرىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى ئويلىماپتىمەن. گەپ قىلسىلا تۇخان، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

تۇخان: چىمەننىڭ دادىسى بۇ گەپنى ماڭا ئوتكەندە ئېيتقان. سىلىنىڭ خەۋەرلىرىدە بولمىغان بىلەن بىزنىڭ ئويدە كۇندە مۇشۇ ھەقتە پاراڭ بولىدۇ. مەنمۇ بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئېلىشىپ - ئېلىشىپ ئاخىرى ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدىم. ئوقۇشقا بارغىنى ھەقلىقلەك تۇرۇدۇ.

چىمەن: (تېخىمۇ ھەيرانلىقتا) ئانا.

ئايخان: بۇ نېمە دېگەنلىرى تۇخان، بىز يەنە ئۈچ يىل بۇ بالىنىڭ غېمىنى يەپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

تۇخان: ياق، ئەمدى غېمىنى يەپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، بالىنىڭ ھەممە ئىشىغا ھوكۇمەت مەسئۇل بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئايخان: ھەي، ئوقۇپ نېمە تاپىدۇ، بارمىغىنى ياخشى.

تۇخان: سىلىنىڭ ساۋاتلىرى بولمىغان بىلەن ئاڭلىق ئائىلىنىڭ ئادىمى، ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشۈنۈش كېرەك. بىز بالىنىڭ ئالدىنى توسمايلى. (ئايخان چىمەنگە قا-

رايدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كەيپىياتىنى كورۇپ بوشاپ
قالغان چىمەن جىم ئولتۇرۇۋالىدۇ).

ئايخان: سوزلە چىمەن، سەنمۇ گەپ قىل قىزىم. (چىمەن
يەرگە قارىۋالىدۇ.)

ئايخان: (يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلىسىمۇ گېپىدىن
قايتقۇسى كەلمەي) ئىشقىلىپ بارغۇزمايمەن دىدىم،
بارغۇزمايمەن.

ئېزىز: (نەخشا)

ئايخان قېنى ئويلاپ بېقىڭ ئىسىڭىزدىمۇ،
مامۇتجاننىڭ بىزگە قىلغان نەسىھەتلىرى.
«ئوقۇتقۇچىلار ئاخىرغىچە مۇراتىنى» دىگەن
نەپەس ئۇزۇش ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرى.
كوزىمىزدە ياش يامرايدۇ، يۈرەكتە ئەلەم،
ئورۇنلاشقا ئورتاق قەسەم بەرگەن ئىدۇقمۇ.
ئايخان شۇ چاغ، ئەشۇ كۈنلەر ئىسىڭىزدىمۇ،
ئىككىمىزنىڭ كوڭلىدە بۇ سوزلەر ئىدۇقمۇ.

ئايخان: (مەرھۇم ئەرىنى ئەسىگە ئېلىپ ھەسرەت بىلەن
ئۇھ تارتىدۇ.) ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى ھازىرقىدەك ئەسە-
دە، لېكىن . . .

ئېزىز: ئايخان، مۇراتنىڭ ئىلىم - پەن ئىگەللىشى بولسا
ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا دەۋرنىڭ ئارزۇ-

سى. ئۇ ئوتكەندە داشويگە بېرىش يولىدا قانچىلىك
روھى ئازاپلارنى چەككەندى. ئەمتىھاندا ئەلا باھادا
ئوتتى - يۇ، ئەمما «ئەكسىيەتچى ئائىلىنىڭ كۈچۈكى»
دەپ ئوقۇشقا يېقىن يولۇتۇلمىدى. نەھىيىلىك كومىتېت
ئامىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەر-
نىڭ بىسىمى ئاستىدىلا ئانىدىن مۇراتنىڭ تەربىيىلىنىش-
كە تىگىشلىك پەرزەنتلەر ھېساۋىدا ئوقۇشقا بېرىشىغا
قوشۇلدى. شۇ ئارىلىقتا بۇ بالا قانچە كېچە كىرپىك
قاقماي چىقتىغۇ، بالىنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ ئوزد-
گىنىزنىڭ قانچىلىك ياش توككەنلىگىنى ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟
ئايخان: ئۇ، ئىشلارنىڭغۇ ھەممىسى ئېسىمدە. (كوز يېشى
قىلىدۇ)

ئېزىز: مۇرات داشويدىكى ۋاختىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى-
دىن كەلگەن خەتنى ئېسىڭىزدىن كوتۈرۈلۈپ كەتمىگەندۇ؟
ئايخان: ياق، ياق، ئېسىمدە بار، داشوينىڭ مۇئەللىملىرى
خېتىدە «ئوغلىڭىز ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئول-
گىسى بولدى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، قولىدىن
كاتتا ئىشلار كىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئوغۇلنى تەربىيە-
لەپ ئوستۈرگەنلىگىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەخمەت ئېيتىمىز»
دەپ يېزىشقان ئىكەن (چىمەن يەر تىگىدىن مۇراتقا
قاراپ زوقلىنىدۇ، مۇرات ئوزىنى ماختىلىدىغان گەپلەر-

دىن خىجىل بولىدۇ.)

تۇخان: (رازىمەنلىك بىلەن) راست، راست.

ئېزىز: مۇرات شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگەندى، ئەپسۇس «تۇت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ چاپارمەنلىرى بۇنى ئۆلگىلىدەك يامان كوردى، كۈرەش قىلدى، ئازاپلىدى، سىز ھېلى ئېيتقاندەك مۇراتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دوستلىرى سىزگە ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ ھال سوراپ تۇردىغۇ، مۇراتنىڭ قىلغىنى ھەقلىق بولمىسا ئۇلار شۇنداق قىلالارمىدى.

ئايخان: شۇنداق بولدى، شۇنداق بولدى.

ئېزىز: ھازىر بولسا دەۋىر ئوخشىمايدۇ، «تۇت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتۇلدى، ئوقۇشقا، پەن ـ تېخنىكا ئىگەللەشكە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇراتنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى.

ئايخان: (مۇراتنى ئىما قىلىپ) بۇنى دىسىڭىز ھازىرلا قاناتچىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكۈسى بار.

ئېزىز: مۇھىمى پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرى بۇنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىت باغلىمىسا ئالاھىدە چاقىرتىش قەغىزى ئەۋەتىپمۇ يۈرمەيدۇ.

تۇخان: مۇراتجان ئوقۇشقا بارسۇن ئايخان، چىراپلىق يولغا سالايلى. مىنىڭ خىيالىمچىغۇ مۇراتجاننى ھېچقەيەرگە

ئىشەنكىم يوق، باللارنىڭ ئانىسى ماگىمۇ كوپ سوز-
لىدى، مانا ھازىرمۇ سوزلەۋاتىدۇ. گەپلىرىنىڭ ھەممى-
سى ئورۇنلۇق. رادىئودىمۇ، باشقا تەشۋىقاتىمۇ ئوگى-
نىش، بىلىم ئېلىش ھەققىدە پاراڭ كوپ.

ئايخان :بىزنىڭ كوڭلىمىز قىيىدۇ دەملا تۇخان.

ئېزىز: بىز بىر ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەمەس، ۋەتەننىڭ
ئېھتىياجىنى ئويلىغىنىمىز ئەۋزەل.

ئايخان: چىمەن نىمە دەيدىكىن. (ھەممەيلەننىڭ كوزى
چىمەنگە تىكىلىدۇ.)

چىمەن: مەنمۇ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشۈنىمەن. (ئا-
ۋازى ئۈچۈدۇ.)

ئېزىز: قېنى ئېنىق گەپنى ئېيت!

چىمەن: مەيلى، باشقا پىكرىم يوق.

مۇرات: (خوشاللىق بىلەن) ئوندا قىتا ھەممىگىلار
قوشۇلدىگىلار - دە.

ئايخان: ھە، مانا بىشنىڭ ئاسمانغا يەتتى.

ئېزىز: ھەممىزنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىشى كېرەك، بۇ
مۇراتنىڭلا ئەمەس، ھەممىزنىڭ خوشاللىغى.

ئايخان: مەن ئېخى ھەر قايسىلىرىنىڭ رەنجىشىدىن ئەنسە-
سىرەپ يۈرسەم، مۇرات بىلەن ئىللىرىنى بىر قىلىپ بول-
غان ئىكەنلا، سىلىنىڭ يۈزلىرى چوڭ كەلدى. دادىسى-

نىڭ ئالدىدىمۇ ئوقۇتۇشقا سوز بەرگەن ئىدىم، ئەمدى نىمە دەي، ئوقۇسا ئوقۇسۇن،

مۇرات: (ناخشا)

رەخمەت ئانا، رەخمەت ئانا،
گەپكە كىردىڭ ئاخىر مانا.
(ئىيزىزلارغا قارىتىپ)
يۈزمىڭ رەخمەت ئاتا - ئانا،
كۈچ بەردىڭلار بۈگۈن ماڭا.
ئۈشبۇ دەمدە خوشاللىقىم،
دەريا بولۇپ دولقۇنلىنار.
بىلىم ئىيلىش ئۈمىتلىرىم،
گۈلخان بولۇپ يالقۇنلىنار.
قانا تلانسام دەيمەن شۇ تاپ،
پايتەختكە ئۇچۇپ بارسام.
پەنگە تەشنا يۈرىكىمنىڭ،
ئۈمىدىنى قۇچۇپ بارسام.

ئىيزىز: بارغىن ئوغلۇم، سىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىڭنى بىز قەدىرلەيمىز، تىرىشىپ ئۈگەن، تۇخۇ پىيى ئاسمانغا چىقالمايدۇ دەپ كىم ئىيتالايدۇ ۋە يىاكى تىيانشان باغرىدىن ئىلىم چىقمايدۇ دەپ كىم هوكۇم قىلالايدۇ.

ئادەم دىگەندە ئىنساندى غورۇر بولۇشى كېرەك. يار-
بولەكچىمىز پارتىيە بار، پارلاق ئىستىقبالغا قاراپ ئىل-
گىرلە، ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا ئوغلۇم.
(سىرتتىن رۇشەن كىرىپ كېلىدۇ، ئۇ، مېھمانلار بىلەن
ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن).

رۇشەن: ئايخان ئانا، مەن مېھمانلارنى بىزنىڭ ئۆيگە
تەكلىپ قىلىپ كىردىم. يېرىم سائەتلىك رۇخسەت
بېرىپ تۇرۇسىز - دە، ئەمدى.

ئايخان: بۇ نىمە دىگىنىڭ، مېھمانلار ئەمدىلا كېلىپ ئول-
تۇردى، كەل سەنمۇ بىزگە مېھمان بول.

رۇشەن: ياق، ئېزىزكام، تۇخان ئاچاملارنىڭ مەھەللىمىزگە
ئاياق بېسىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، داستىخىنىمىز تەييار
بولۇپ قالدى، هايال قىلمايمىز.

ئايخان: تولا ئەييارلىق قىلماي ئولتۇر دەيمەن.

رۇشەن: بولمايدۇ، مېھمانلارنى ئېلىپ چىقمايدىغان بولسام
ئانام ئۆيگە كىرگۈزمەي قويىدۇ. قېنى تۇخان ئاچا
تۇرۇڭ. (ئۇ، تۇخاننى يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزۇۋىتىدۇ، ئېزىز-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ) سىزنىمۇ يۆلەپ تۇرغۇزىمەنمۇ؟!

ئېزىز: تۇرۇش كېرەك بولسا ئۆزەم تۇراي قىزىم.

ئايخان: ئۆيىنىڭ ئىچىنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭ شەيتان.

رۇشەن: ئۆيىمىزگە ھەممىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن، بىزنىڭ

ئۆينى ھەرقانچە قالايمىقان قىلىۋەتسەڭلارمۇ غىلىڭ قىلـ
مايمەن، غىلىڭ قىلمىدىغان بولسام رۇشەن ئىسىمىم ئايخانغا
يوتكۇلۇپ كەتسۇن. (ئومۇم كۇلكە)

ئايخان: ھە، بېشىنى يەيدىغان.

رۇشەن: ئايخان ئانا، قېنى ئوزىڭىز يول باشلاپ مېڭىڭ!

ئايخان: (كۇلۇپ) ھەي شەيتان، سەن بار يەردە تىنىچ
ئولتارغىلى بولامدۇ كىشى. (ئېزىزلارغا قارىتىپ) چىقـ
ساڭلار چىقىڭلار. (رۇشەنگە قولىنى شىلتىپ) بۇنىڭدىن
قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ئەمدى.

تۇخان: ئۇندا قتا بىز چىقىپ كىرەيلى.

رۇشەن: سىلەرچۇ؟

ئايخان: بىز قازاننى تەييار قىلغاچ تۇرايلى، مېھمانلار
چىقىپ كىرسۇن (مېھمانلار چىقىدۇ).

ئايخان: (بېشىنى چايقاپ) ئوقۇپ بېشىڭدىن مۇڭگۇز ئۇـ
سۇپ چىققىنىنى كورەرمەن.

مۇرات: ھاياتىمدا بېشىمدىن مۇڭگۇز ئۇسۇپ چىقمىس،
ئەمما ئولگۇنۇمدىن كېيىن قەۋرەمدىن چوقۇم گۇل ئۇـ
نۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ.

ئايخان: بولدى، بولدى سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇـ
رۇشقا ۋاختىم يوق، مەن چىقىپ قازاننى تەييار قىلاي.

چىمەن: مەنمۇ ياردەملىشەي.

ئايخان: بولدى ئۇزەم يېتىشەلەيمەن بالام (ئايخان ئىچ-كەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

چىمەن: (مەيۈسلەنگەن قىيافەتتە) شۇنداق قىلىپ مۇرادنى-ڭا يەتتىم دەڭ!

مۇرات: تېزە قىلىۋاتامسىز؟

چىمەن: نېمىشكە تەنە قىلاتتىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ گېپىم ئۆتمەيدۇ، قىلمەن دېگىنىڭىزنى قىلىۋېرىسىز.

مۇرات: ئۇنداق دېمەڭ چىمەن، گوگۇل ئەركىنى ھېساپقا ئالغان-دا ئىسلەردىن ئۇچ يىل ئەمەس، ئۇچ كۈن ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايدۇ، بىراق بىلىم ئېلىش كېرەك، پەن تەرەققىيا-تىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشىنى قۇرۇق ئارزۇ بىلەن-لا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، قول تىقىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە توغرى كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدىن، يار - بۇرادەرلەردىن ئايرىلىشقا توغرى كېلىدىكەن.

چىمەن: كوڭلۇمدىكىنى ئېيتسام ئوقۇشقا بېرىشىڭىزغا زادى نارازىلىقىم يوق، بىراق . . . . . .

مۇرات: بىلىمەن، ئايرىلىش ھەممىمىزگە ئېغىر كېلىدۇ، ئەمما بۇ ئايرىلىش ۋاقىتنىچىلىق . . .

چىمەن: مەيلى بېرىڭ، ياخشى ئوقۇپ كېلىڭ، بىراق بىر-لا شەرتىم بار.

مۇرات: قانداق شەرت؟

چىمەن: (پەس ئاۋاز بىلەن) مېنى ئۇنۇتماسلىققا ۋەدە بېرىسىز.

مۇرات: (مەمنۇنىيەت بىلەن) ئەبەدىي ئۇنۇتمايمەن، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئېسىمدە بولىسىز، سۆزۈمگە ئىشىنەمسىز؟!

چىمەن: (باشى ئىشارىتى بىلەن ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ. ئارقىدىنلا ئەركىلىگەن قىياپەتتە) ئۇنتۇپ قېلىشىڭىزچۇ قېنى، شۇ چاغدا كۆرۈسىز.

مۇرات: نېمە دېسەم بولار.

چىمەن: ئۇنۇتمىسىڭىزلا بولىدى. ھەراس، سىزگە نېمە يوللۇق تۇتسام بولار؟

مۇرات: ھېچقانداق يوللۇغىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، پەقەت يول بولسۇن دېگەن گەپنى چىن كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىپ ئېيتسىڭىز ھەممىگە شۇ كىپايە.

چىمەن: ھە - بولىدى، ئۆزەم بىلىپ تەييارلايمەن. (ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئايخان ئانا چىقىدۇ.)

ئايخان: ئاش تەييار بولۇپ قالدى، مەن مېھمانلارنى چاقىرىپ كىرەي (چىقىپ كېتىدۇ).

مۇرات: چىمەن، ئادەم ھەدىسىلا يىغلاپ سىزنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن، كۆپرەك كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇڭ.

چىمەن: سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئانامغا چوقۇم ياخشى قا-

رايەن (سىرتتىن رۇشەن يۈگرۈپ كىرىدۇ.)

رۇشەن: مېھمانلار ئۇياقتىن چىقىپ بولغىچە، بۇياقتىن ئايخان ئانام قوغلاپ چىقىپتۇ. ھە، ئالدى بىلەن ئانام بىلەن دادامنى ساق - سالامەت قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم دەپ ھوججەت ياز چىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارنى قولۇڭغا تاپشۇرىمەن. (كۈلكە)

چىمەن: ھە، ئاغزى بېسىلمايدىغان.

رۇشەن: (شوخلۇق قىلىپ) ئەمدىلا توي قىلىپ تۇل قالىدىغان بوپسەن بىچارە دوستۇم، قانداق قىلارسەن.

مۇرات: (چاقچاق بىلەن) ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماڭ رۇشەنخان.

چىمەن: تۇل قالسامۇ كېرەك يوق، سەنمۇ تۇغۇلغانلاردىن بىرى تۇل يۈرمەمسەن مانا. (كۈلكە)

رۇشەن: ھە، بېشىڭنى يەيدىغان. (ئىككىسى قوغلىشىدۇ ئېزىز، تۇرخان، ئايخانلار كىرىدۇ. تەكەللۇپلار . . .)

ئېزىز: ئۇنداقتا بوگۈنكى مېھمانلارچىلىقنىڭ تېمىسى مۇراتنىڭ بەختىنى قۇتلاش بولسۇن.

رۇشەن: گەپلەر مۇشۇ ھەققىدە بولسۇن.

ئېزىز: شۇنداق.

ئايخان: قېنى سوپىغا چىقىسىلا (تەكەللۇپلار)

رۇشەن: ئۇنداقتا مۇرات تورگە چىقىپ دۇتارنى قولغا ئالسۇن.

ئايخان: سىزچۇ جاۋىلىداق؟
رۇشەن: مەن ئۇسۇلدىن قاس چىقىراي. (كۈلكە)
ئېزىز: يەنە تەكرارلاپ ئېيتايلى، يۇرتىمىزنىڭ ساڭا بول-
غان ئۈمىدى چوڭ، ئەلنىڭ ئۈمىدى يەردە قالىسۇن،
ئىرىشىپ ئۈگەن ئوغلۇم.

مۇرات: چوقۇم جان تىكىپ ئۈگۈنۈپ ئەل، ۋەتەنىنىڭ ئۈ-
مىدىنى ئاقلايمەن.

ئېزىز: ئۈندىاقتا بوگۈنكى خوشاللىقىمىزنى ئىپادە قىلىپ
بىر پەدە دۇتتار چال ئوغلۇم. ئەتە - ئۈگۈن دوس -
بۇرادەرلىرىڭ بىلەن خوشلىشىمەن دەپ ئالدىراش بو-
لۇپ قالىسەن، بىزگە پۇرسەت چىقمايدۇ.
كوپچۇلۇك: چېلىڭ، تارتىنماي چېلىڭ! (مۇرات تارتىنۋا-
راق دوتارنى قولىغا ئالىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆيلىشى
ئارقىسىدا بارماقلىرى دۇتتار تارىسى ئۈستىدە ئويناشقا
باشلايدۇ).

(ناخشا)

ياشارغان باغۇ - بوستاندا چېلىشقا چۈشتى پەلۋانلار،
قۇياشتەك نۇرلۇنۇپ، دىلنى يورۇتتى ئارزۇ - ئارمانلار.
دىياردىم جەڭگە چاقىردى، قاناتلاندىم بولۇپ شوڭقار،
توكۇلگەن ئۈنچىدەك تەردىن يېزىلغاي ناخشا - داستانلار.

مەرىپەت گۇلشىنى ئىچىدە ۋەتەنىنىڭ قەرزىنى ئاقلاپ،
كىلەرمەن شان قۇچۇپ جەزمەن خەيىر دوسلار، قەدىردانلار.
(ناخشا بارغانچە ئەۋجىگە كوتۇرىلىدۇ، باشقىلار چا-
ۋاك ئۇرۇپ بىرىلىدۇ، روشەن ئۇسۇلغا چۇشۇدۇ).

(پەردە چۇشۇدۇ)

رەسىمنى زورەم سىزغان



# ئۈزۈلمەس رىشتە

(ئىككى كورۇنۇشلۇك درامما)

## غەيرەت ئابدۇللا

## قاتناشقۇچىلار

غەيۇر: (مەلۇم قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئىدارىسىنىڭ لايىھە-
لىگۈچىسى) 28 ياش.

مېھرىگۈل: (مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇت-
قۇچىسى.) 26 ياش.

ئايشە ئانا: (مېھرىگۈلنىڭ ئانىسى. پېنسىيىگە چىقىپ
ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئايال)
60 ياشلاردا.

ئايقىز: (مېھرىگۈلنىڭ دوستى. مەلۇم فابرىكىنىڭ ئىشچى-
سى ) 25 ياشلاردا.

دىلشات: (غەيۇرنىڭ دوستى ۋە ياتاقدىشى. بىناكارلىق ئىدارىسىنىڭ بىنا نۇسخىلىرى تەقسىماتچىسى) 29 ياشلاردا.

پوچتالىيون: پوچتالىيون.

## 1 - كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 78 - يىلنىڭ ياز كۈنلىرى.

ئورنى: مېھرىگۇلنىڭ ئۆيى. (ئۆي ئىچى چىرايلىق بېزەلگەن، ئۆي ئىچىدە بىر دانە جوزا، جوزا ئۈستىدە رادىيو، جوزىنىڭ بىر يېنىدا سىم كارۋات، يەنە بىر يېنىدا ئىككى دانە ئورۇندۇق، ئۆينىڭ دېرىزىسىدە ئىككى تەشتەك گۈل، دېرىزە ئالدىدا بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، سەل نېرى تامدا كىيىم ئاسقۇچ بار)

(ئايشە ئانا دوپپا تىكىپ ئولتۇرۇپ، ئايقىز بىلەن سوھبەتلىشىۋاتقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.)

ئايشە ئانا: ھەي، مېھرىگۇل ھەجەپ قايتىپ كەلمەيدىغۇ، (ئورنىدىن تۇرۇپ ئايقىزنىڭ ئالدىدىكى پىيالىنىڭ چېيىنى يېڭىلايدۇ) ھايال بولماي كېلەمەن

دېۋىدى.

ئايقىز: مېھرىگۇل نەگە كەتكەن ئىدى؟

ئايشە ئانا: بىلمىسەن قىزىم دادىسى بېيجىڭغا يىغىنغا كەتكەن. مېھرىگۇلنىڭ دادامغا خەت سالىمەن دەپ چىقىپ كەتكىنىگە خېلى چاغ بولۇپ قالدى. سەن زېرىكىپ قالدىڭىز بولدۇڭ-دە. (ئايشە ئانا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى)

ئايقىز: ھېچقىسى يوق ئانا، ئۆزىڭىز بىلەنمۇ بۇنچىلىك ھال-مۇڭ بولۇپ ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ كېتىپتىكەن. ئوبدان مۇڭدىشىۋالدۇق.

ئايشە ئانا: قىزىم مېھرىگۇل سېنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىدۇ، يېقىندىن بۇيان سېنى كەلمىدى، يوق بولۇپ كەتتى دەپ ئۆزىچە جىلى بولۇپ يۈردى.

ئايقىز: ئۆزىمۇ يېنىمغا بارمىدى. بەلكىم ئالدىراش بولسا كېرەك دەپ ئويلۇدۇم.

ئايشە ئانا: ئالدىراش، ھەممەيلار ئالدىراش. زامان سىلەرنىڭ؛ ئىشلەيلا قىزلىرىم ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. مېھرىگۇل يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىمتىھان ئالىمەن دېدى، قەغەز تەكشۈرىمەن دېدى، خۇلاسە يازىمەن دېدى. ئەيتاۋۇر بەك ئالدىراش بولدى.... تېخى تونۇگۈن ئوقۇغۇچىلىرى-

نى تەتىل قويۇپ بەردى. ئەمدى ئۇزىمۇ 15 كۈن ئارام ئالىدىغان ئوخشايدۇ.

(بۇ چاغدا پوچتالىيوننىڭ سىرتتىن «ئۆيدە ئادەم بارمۇ» دەپ ۋاقىردىشى ئاڭلىنىدۇ. ۋە ئۆزى ئۆي ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ. سومكىسىدىن بىر قانچە پارچە گېزىت ۋە بىر پارچە خەتنى چىقىرىدۇ. ئايشە ئانا پوچتالىيوننىڭ ئالدىغا بېرىپ گېزىت - خەتنى ئالىدۇ)

پوچتالىيون: خوش! ئانا مەن كەتتىم.

ئايشە ئانا: چاي - پاي ئىچىپ، بىر دەم دېمىڭىزنى ئېلىپ مېڭىڭ.

پوچتالىيون: خوش!

(ئايشە ئانا پوچتالىيوننى ئۇزۇتۇپ قويۇپ قايتىپ كىرىدۇ)

ئايقىز: كىمدىن كەلگەن خەت ئىكەن؟

ئايشە ئانا: (كونۋېرتتىكى ئادرىسقا كوز يۈگۈرتۈپ) دىلشات دەمدۇ؟! ھۆي بىزگە بۇنداق ئىسسىق كىشىدىن خەت كەلمەيتتىغۇ؟ مېھرىگۈلنىڭ تونۇشلىرىدىمدۇ يا؟

ئايقىز: (ئايشە ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ) مەن كورۇپ باقاي.

ئاشە ئانا: بولىدۇ. خەتنى ئوقۇپ باققىن.

ئايقىز: (كونۋېرتنى يىرتىدۇ. خەتكە بىر قۇر كوز يۈگۈر-
تىدۇ) ئانا، غەيۇرنىڭ ئەھۋالىدىن يېزىلغان خەت
ئىكەن.

ئايشە ئانا: غەيۇر؟!

ئايقىز: ھەئە، مېھرىگۈلگە دىداشات دىگەن كىشى غەيۇر-
نىڭ ئەھۋالىدىن خەت يېزىپتۇ.

ئايشە ئانا: مېھرىگۈل خېلى ئايلاردىن بۇيان غەيۇر بالى-
نىڭ دەردىگىنى ئالالماي، تىت-تىت بولۇپ يۈر-
گەن ئىدى. بولغىن، ئوقۇپ بەرچۇ قىزىم. ئاڭلاپ
باقايلى. (ئايشە ئانا ئايقىزنى يولەپ ئورۇندۇق-
قا ئولتارغۇزىدۇ ۋە ئوزى كارۋاتقا كېلىپ تىڭ-
شاشقا باشلايدۇ)

ئايقىز: (خەتنى ئوقۇيدۇ.) مېھرىگۈل! سىزگە ئاللاھىدە
سالام. سىزگە يۇتۇنلەي ناتونۇشمەن. ئەمما بۇ
خەتنى يازماي تۇرالمىدىم. چۈنكى غەيۇر يېقىنقى
ئايلاردىن بۇيان ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى ئوز بېشى-
دىن كەچۈردى. ئوز ئەھۋالىدىن بولسا سىزنى خەۋەر-
لەندۇرگىسى كەلمىدى. سىزدىن بىر قانچە قېتىم خەت
كەلگەن بولسىمۇ، سىزنى جاۋاپسىز قالدۇردى. غەيۇر-
نىڭ خىزمەت ۋە باشقا ئەھۋالى ھەققىدە سوزلىمىسە-
مۇ سىز ئەلبەتتە چۈشىنىسىز.

بىز، غەيۇر باشچىلىقىدىكى بەش كىشى بۇ زىندىن 9 ئاي مۇقەددەم، رايونىمىزدا قۇرۇلىدىغان بىر سىمونىت زا-ۋۇدىنى 20 كۈن ئىچىدە لاھىيەلەپ تۈگىتىش ۋەزىپى-سىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپ ئۇنى 13 كۈن ئىچىدە پۈتتۈرگەن ئىدۇق. خەرىتە سىزىلىپ، بېكىتىلگەندىن كېيىن، زاۋۇت قۇرۇلۇشى رەسمى باشلاندى. بەلكىم بۇنىڭدىن ئاز كەم 4 ئاي ۋاقىت بولسا كېرەك، قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى بىناسىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئازراق مەسىلە كورۇلۇپ، بىزنىڭ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغان تېخنىكلار بىلەن بىر قېتىم مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىمىز-غا توغرا كەلدى. مۇزاكىرە قىزغىن ۋە ئاقىلانە بولدى. مۇزاكىرە تۈگىگەندە كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

بىز پەنالەردىن ياسالغان ئايلانما يول بىلەن قاي-تىپ چۈشۈپ كەچكىنچى قەۋەتكە كېلىۋىمىزدە غەيۇر، يولنى بىناغا ئۇلاشتۇرۇپ تۇرغان بىر تال شال بىلەن ئۆتۈپ، كىچىكىنچى قەۋەت ئىچىدىكى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر جايلاشتۇرۇلىدىغان چوڭ بولۇمدىن چىققان مەسىلىنى مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىۋېتىش تەكلىۋىنى قويۇپ، ئۆزى يول باشلىدى. ئەپسۇسكى غەيۇر شالغا دەسسىشى بىلەن شال سۇنۇپ كېتىپ، ئۇ

يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئايشە ئانا: (چۆچىگەن ھالدا) ھە. چۈشۈپ كەتتى؟ تېز بول قىزىم. ئاخىرىنى ئوقۇغىن.

ئايقىز: (خەتنى ئوقۇشنى داۋام قىلىدۇ) ئۇچ ئاي داۋا- لىنىش نەتىجىسىدە، ھازىر ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاسا- سەن ئەسلىگە كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر كوزى پۈتۈن- لەي كورمەس، بىر پۇتى بولسا مېيىپ بولۇپ قالدى.... لېكىن ئېغىر كۈنلەر ئوتۇپ كەتتى. غەيۇرنىڭ دوختۇر- خانىدىن چىقىپ، تەشكىلىنىڭ بىر مەزگىل دەم ئېلىش تەلىۋىنى رەت قىلىپ، خىزمەتكە چۈشۈۋالغىنىغۇ بىر ھەپتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ، ئوزىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا سادىق، قەيسەر، پىداكار ئەمەلى- يىتى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ پولات مۇسكۇللۇق يىگىت ئى- كەنلىگىنى نامايان قىلماقتا.

ئايشە ئانا: مانا ئەمدى.... (كوز ياش قىلىدۇ)

ئايقىز: ئانا، كوڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ئاخىرىنى ئاڭلاڭ. (خەتنى ئوقۇشنى داۋام قىلىدۇ) مېھرىگۇل، غەيۇر يېقىنقى ئەھۋاللىرىدىن سىزنى خەۋەرلەندۇرگىسى كەل- مىدى، لېكىن ئۇ، سىزنى چەكسىز سېغىنىدۇ. ئەمما ئۇ، ماڭا بىر قېتىم «ئەمدى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەققىدە ئويلۇنۇشنىڭ قىلچىلىك ھاجىتى قالمىدى» دەپ ئېيتتى.

مەن ھەيران قالدىم، بۇ سوزنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشۈنەلمىدىم، لېكىن ئۇ، سىزدىن كەلگەن خەتلەرنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ ئوقۇيدۇ..... تېگى يوق خىيال-لارغا كېتىدۇ..... مەن غەيۇرنىڭ دوستى ۋە خىزمەت-دىشى بولغانلىغىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىشنى لايىق تاپمىدىم. ئاخىرى غەيۇرغا ئېيتمايلا بۇ ئەھۋاللاردىن سىزنى خەۋەرلەن-دۈردۈم. خالىسىڭىز كېلىپ غەيۇرنى يوقلاپ كېتەرسىز.

ئايشە ئانا: كوردۇڭمۇ قىزىم. بۇ كىلىشمەسلىكنى مەن بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش بار دەپ پەم قىلىپ يۈرەتتىم. بىزنىڭ مېھرىنىڭمۇ تىت-تىت بولۇپ يۈر-گىنىگە ئۈچ-تۆت ئايچە بولۇپ قالغان ئىدى.

ئايقىز: (ئايشە ئانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ)ھەي، ئەمدى قانداق قىلىمىز. مېھرىگۈل ئاڭلىسا ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېغىر كېلىدۇ-ھە؟

ئايشە ئانا: غەيۇر ھەقىقەتەنمۇ مېھرى ئىسسىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭغا ئوز ئوغلۇمدەك ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم. ئەمدى نىمە دىگۈلۈك؟ تازا بىر باش قېتىنچىلىق بو-لىدىغان بولدى. مېھرىگۈل بولسا يالغۇز قىزىمىز. دۇنيادا ھەممە نەرسىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن. مانا ئەمدى غەيۇرنىڭ بىر كوزى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر

پۈتى ئاكا تۇرسا... ھەي...

ئايقىز: نىمىشقا سىز ھېلىتىنلا ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىنىپ كەتتىڭىز. مېنىڭچە ھازىر ئويلىنىدىغىنىمىز غەيۇرنىڭ ئەھۋالىدىن قانداق قىلىپ ياخشىراق خەۋەر ئېلىش بولغىنى ياخشى. غەيۇرمۇ يالغۇز ئوغۇل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق. ئۇنىڭ پارتىيە ۋە سىلەردىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق.

ئايشە ئانا: غەيۇرنى يوقلاش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھېچ گەپ ئەمەس. مېھرىگۈل بارمىسا ئوزەم بىرىپمۇ يوقلاپ كېلەلەيمەن، ئەمما ئىككىسى كېيىن-ئاخىر ئوي-ئوچاقلىق بولۇپ قالدى دىيىلگەنلە...... ھەي، ئەمدى بۇنىڭ ئوزى زادىلا ئېقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى.

ئايقىز: بۇ نىمە دىگىنىڭىز ئانا. قارىڭ سىزنىڭ بىر دەمدىلا تەتۈر بولۇپ كەتكىنىڭىزنى.

ئايشە ئانا: خەتنى ئوزەڭ ئوقۇپ بەردىڭ قىزىم. بىلمىدىڭمۇ، ئۇنىڭ بىر كوزى كورمەيدىغان، بىر پۇتى باسالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق ئادەم ئەمدى نىمىگە كېرەك كېلىدۇ.

ئايقىز: ئۇنداق ئالدىراپ كەتمەڭ ئانا. غەيۇر گەرچە

نىمجان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزنى 4 تە زا-مانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتەن-خەلق مەنپەئەتى ئۈ-چۈن شۇنداق بولدى. بۇنى ۋەتەن-خەلق چۈشىنىدۇ. بىز تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

ئايشە ئانا: ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مېھرىڭگۈلنى شۇنداق چىرايلىق تەربىيىلەپ-ئۆستۈرۈپ، ئەمدى بويىغا يەت-كەندە بىر كوزى يوق، بىر پۇتى ناكا بىر ئادەم بىلەن ئوي-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپ كىشى قانداقمۇ خاتىرجەم بولسۇن. بىزدىن كېيىن قالغاندا ئۇنىڭ كوردىغىنى نېمە بولىدۇ دەيسەن؟!... ھەي!!

ئايقىز: ئايشە ئانا، سەل ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. سىز بىلمىسىز، غەيۇرمۇ يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاپىسى قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتىسى ئۇنى شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن. ئەمما غەيۇرنىڭ دادىسىنىمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» گۇناسىز تۈرمىگە ئېلىپ، ۋاقىتسىز ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. غەيۇر ئىسكەندەك يالغۇز قالدى.

ئايشە ئانا: ئۇنى چۈشىنىمەن قىزىم. غەيۇرنىڭ دادىسىنى مەنمۇ بىلەتتىم. ئۇ شۇنچىلىك مۇنەججىم، دان ئۈنۈپ چىققىچە بۇرۇن يەر ئاستىدا بىخلانغاندەك سوزىنىمۇ ئالدىن ئويلاپ پۇشۇرۇپ قىلىدىغان، كىچىك پېئىل كىشى

ئىدى. ئەمما ئۇ رەھمەتلىك دۇنيادىن ئۆتكىلى خېلى
يىللار بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۆز ئىشىمىزغا كەلسەك،
سىلەرنىڭ ھازىر ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدى-
غان ۋاقتىڭلار. ئۆي نىمە، دۇنيا نىمە، ھېچنىمىنىڭ
تېگىگە يەتمەيسىلە. مېنىڭچە ئەمدى مېھرىگۈلنىڭ غەيۇر
بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولىشى ھەققىدە ئويلانغانىڭلا
ياخشى.

ئايقىز: ئانا، تېرىقچىلىق زىيالىنى كورۇپ ھەممىدىن ۋاز
كەچسىڭىز بولامدۇ؟

ئايشە ئانا: قىزىم، بولىسغۇ خۇدايىم غەيۇرنى ئاخىرغىچە
سالامەت قىلسا بولاتتى. ئەمما غەيۇرنىڭ بۇ ئەھۋالىدا
يەنىلا ئۇنى كويۇغۇل قىلىش، قاراپ تۇرۇپ ئوتقا
سەكرىگەنلەك بىر ئىش - دە.

ئايقىز: ئانا، سىز بىلمەيسىز. غەيۇر، بىز ياشلارنىڭ ھەم-
مىمىز دىگۇدەك ھورمەت قىلىدىغان ئەقىل - پاراسەتلىك
يىگىت. ئۇ بارلىقىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان قەيسەر
جەڭچى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنىمۇ كوپ، ئۇگەنگىنىمۇ كوپ،
بىز غەيۇرنى ئاخىرغىچە ھورمەت قىلىمىز.

ئايشە ئانا: ئۇنى ھورمەت قىلىش، ئۇنىڭ بىلىدىغىنىنىڭ
كوپ بولىشى.... ھەممىسى باشقا گەپ. بىر ئوياۋك
بولۇش بولسا يەنە باشقا بىر گەپ.

ئايقىز: ياق ئانا، غەيۇردەك پاك دىل، مەردانە كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇنداق مۇئامىلىدە بولىسىڭىز بولمايدۇ. بىز لەمسىز، مۇنداق كىشىنىڭ قېشىدا چاپا - مۇشەققەت، كۆڭۈلسىزلىك، بەربىر ھېچنەرسە بىلىنمەيدۇ. مېھرىگۈل-گە بولسا تېخىمۇ شۇنداق. مېنىڭچە مېھرىگۈل غەيۇر-دىن ۋاز كەچمەيدۇ.

ئايشە ئانا: سىلەر سۇ يۇزىدىكى كوپۇكتەك يوق نەرسىنى ئارمان قىلىسىلەر.

ئايقىز: ئانا، (قېيىداش ئاھاڭدىراق) ھەممىنى سىز بىلەمسىز؟

ئايشە ئانا: قوي قىزىم، بۇ گەپنى سەن بىلەن تاكاللاش-مايلى. سەنمۇ بۇنداق تەتۈرلىك قىلىپ تۇرىۋالما، بەلكى مېھرىگۈلگە نەسىيەت قىلغىن. مېھرىگۈل ئەمدى بۇ خىيالدىن يانسۇن.

ئايقىز: كەچۈرسىز ئانا، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەل-مەيدۇ.

ئايشە ئانا: ئۇبدان قىزىم ئۇنداق دىمە.

ئايقىز: (بىردەم ئويلىنىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن) مەن ئاخىرغىچە ئۆز قارىشىمدا قالىمەن. بىراق ھەممىنى ھەل قىلىدىغىنى مېھرىگۈلنىڭ ئۆزى.

ئايشە ئانا: ھە، راست، بۇ خەتنى مېھرىگۈلگە كورسەت-

مەسسەك قانداق بولار؟

ئايقىز: كېسەلنى يوشۇرغان بىلەن، بەربىر ئۆلۈمى ئاشكارا بولىدۇ – دە. (بۇ چاغدا مېھرىگۇل ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئايقىزنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ قولغۇردىدۇ. ئايقىزدىن قىزغىن ئەھۋال سورايدۇ. ئايقىزمۇ مېھرىگۇلنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ )

مېھرىگۇل: قاچان كەلدىڭ؟

ئايقىز: ھېلىراقتا.

مېھرىگۇل: يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

ئايقىز: ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق دوستۇم، ھەر ئاخشىمى فابرىكىمىزدا ئېچىلغان ئېنىگېلس تالى كۇرسىدا ئوقۇيمەن. كۈندۈزلىرى بولسا ئىش بىلەن.

(مېھرىگۇل ئۈستەلدىكى پىلاتىسىنى سېلىپ، كىيىم ئاسقۇچقا ئالىدۇ. ئۇنىڭغىچە ئايقىز بىردىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ.)

مېھرىگۇل: (ئايقىزغا قاراپ) ئايقىز. كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا دەيسەن، نېمە گەپ؟ (ئىشىك ئالدا ۋە ئايقىز بىر – بىرىگە قارىشىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىشقىنىدىن كېيىن)

ئايقىز: مېھرىگۇل ساڭا خەت كەلدى.

مېھرىگۇل: (سەل قىزىرىپ تۇرۇپ) كىمدىن؟

ئايقىز: غەيۇردىن، ياق، دىلشات دېگەن كىشىدىن. (مېھ-
رىگۇل ھەيران قالىدۇ، ئايشە ئانا خەتنى كۆڭۈلسىز
ھالەتتە مېھرىگۇلگە ئۇزىتىدۇ. مېھرىگۇل ئورۇندۇققا
كېلىپ ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. بارا-بارا
ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلايدۇ، خەتنى ئوقۇپ تۈ-
گىتىپ ئوزىنى كەينىگە تاشلايدۇ ۋە ئوكسۈپ-ئوكسۈپ
يىغلايدۇ. بۇ چاغدا ئايشە ئانا ۋە ئايقىز مېھرىگۇل-
نىڭ يېنىغا كېلىدۇ.)

ئايقىز: بولدى، بولدى، سەۋرى قىل دوستۇم.

ئايشە ئانا: بولدى قىزىم ئوزەڭنى ئايىغىن.

ئايقىز: كوز يېشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

ئايشە ئانا: بولدى، سەۋرى قىل قىزىم.

ئايقىز: نېمە يىغلاۋېرىسەن، ئوزەڭ، يىغلاش ئىرادىلىك
كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس دېيىشكەنغۇ، ئەمەلىيەتتە بول-
سا بىر كوڭۈلسىزلىك بىلەن ئوزەڭنى يوقىتىپ قويى-
سەن.

(مېھرىگۇل، كوز يېشىنى سۈرتۈپ، ئېگىلگىنىنى تىرەپ گول-
تۇرۇپ، خىيال سۈرۈشكە باشلايدۇ.)

ئايقىز: نېمە ئانچە تۈگىشىپ كېتىسەن. (كېيىن ئايقىز
ئايشە ئانىغا باش ئىشارىتى بىلەن ئويدىن چىقىپ
كېتىشنى بىشارەت قىلىدۇ. ئايشە ئانا ئىچكىركى

ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

مېھرىگۈل: (يەنە بىر دەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن) مۇشۇ مىنۇتلاردا مېنىڭ ئەستىلىكلىرىدىم - كېچىرمىشلىرىدىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھوكۇم سۈرگەندەك، ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ھوكۇم سۈرمەس دەيمەن. مېنى ھازىر ھەممىدىن بەك ئازاپلاۋاتقىنى شۇكى، غەيۇر شۇنچىلىك ئېغىر ھادىسىلەرگە ئۇچراپتۇ. ئايلاپ دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ. لېكىن ئاشۇ كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولالمىغان تۇرسام، ئۇنىڭغا بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق بېرەلمىگەن تۇرسام، بۇ ماڭا ئېغىر كەلمەمدۇ؟

ئايقىز: بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئېيىپلىك ئەمەس. چۈنكى سەن ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر قالدىڭ - دە. (مېھرىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىك قەدەملەر بىلەن ئۇيان - بۇيانغا مېڭىشقا باشلايدۇ. ئايقىز يەنە سۆزلەيدۇ.) - غەيۇرنىڭ كۆڭلىنى تامامەن چۈشىنىش مۇمكىن. ئۇ، ھەر قانداق ئىشقا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ.

مېھرىگۈل: شۇنداق، ئۇ پەقەت مېنىڭ ياخشى كۆرگىنىملا بولۇپ قالماستىن بەلكى مېنىڭ ئۇستازىم. مېنىڭ يېتەكلىگۈچۈم. ئۇ ماڭا كوپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئايقىز: توغرا ئېيتتىڭ، غەيۇرنىڭ بىز كەڭ ياشلار ئارىسىدىمۇ ئاجايىپ ياخشى تەسىراتى بار.

مېھرىگۇل: ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرگىنىمگە مانا بەش يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە....، (مېھرىگۇل بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ.) دوستۇم، سەندىن ھېچ-نەرسىنى يوشۇرمايمەن. راستىنى ئېيتسام ئۇنىڭغا ئەسلى مەن تەكلىپ قويغان ئىدىم. 72 - يىلى ئۇ شاڭخەيگە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا، بىر كەچقۇرۇن بىز باغچىغا كىرىپ پاراڭلاشتۇق. قايتىدىغان چېغىمىزدا ئىختىيار-سىز ھالدا مەن ئۇنىڭغا، ئۇنى ياخشى كورىدىغانلى-قىمنى ئېيتتىم. ئۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن بولسام ئاتا-ئانىسىز بىر يېتىم بالا. سىز بولسىڭىز ئۇ ئىلىمگىزنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى. ئىشىنىڭ پەقەت سىزنىڭ خاھىشىڭىز بويىچىلا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسسىيات دېگەن ھامان ھېسسىيات..... دە.» دەپ سوزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشنى خالىمىغان ئىدى. مەن ھەممىنى ئويلاپ ئاخىرى ئىرادىگە كېلىپ قويغى-نىمنى بىلدۇرسەممۇ، ئۇ، ئۈن-تۈن قىلمىدى. ئەتىسى ۋوگزالغا چىقىپ ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويدۇق.

ئايقىز: شۇنداق قىلىپ سىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىمۇ؟

مېھرىگۇل: شۇنداق.

ئايقىز: ئۇنداقتا؟

مېھرىگۇل: ئۇزۇن ئۆتمەي بىر خەت كەلدى. خەتتىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ جۈملىلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «مېھرى-گۇل، بىلەمسىز، بىر كىشى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ چىن مەنىسى بىلەن بىرلىشىشى ئۈچۈن ئۇلاردا ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى بىرلىك، مەقسەت بىرلىكى، ئىرادە بىرلىكى، مەنپەئەت بىرلىكى، مۇمكىن بولسا يەنە ئۇلاردا خۇلقى - مىجەز بىرلىكىمۇ بولۇشى كېرەك». لېكىن بۇنىڭدىنمۇ ئۇنىڭ ئېنىق جاۋابىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئايقىز: بۇ ھالىتىڭلار قانچە ئۇزۇن داۋام قىلدى.

مېھرىگۇل: غەيۇر ئىككىنچى يىلى تەتىلگە كەلگىچە، ئۇ چاغدا مەنمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ قايتىدىغان چاغدا مەن ئۇنى ئۇزۇ-تۇپ يەنە ۋوكزالغا چىقتىم. ئۇ مېنى ئايرىم چاقى-رىپ قولۇمنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ: «مېھرى! بىز دوس بولۇپ قالدۇق، بىز ئەمدى مەڭگۈ بىللە ياشايمىز. مېنىڭچە مۇھەببەت دېگەن سۆز ئىككى ياشنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار كەلگۈسىدە بىللە كەچۈرمەكچى بولغان ھاياتىنىڭ مەز-مۇنىنى ياخشى كۆرۈش دېگەنلىك. بىلەمسىز بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مەزمۇنى ۋەتەن - خەلق ھاياتىنىڭ مەز-

مېنى بىلەن بىر، شۇڭا بىزدە خەلقنىڭ كۆزى، خەلقـ
نىڭ قۇلىقى، خەلقنىڭ يۈرىكى، خەلقنىڭ تۇيغۇسى،
خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بولۇشى كېرەك.....» دې-
گەن ئىدى.

ئايقىز: پاھ، قانچىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەر - ھە؟ ياخشى
گۆشتىن ياخشى شورپا دېگەندەك، مەردانە كىشىلەرنىڭ
غايىسى - ھەركىتى ھەممىسى مەردانە بولىدۇ - دە.

مېھرىگۈل: (بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ) شۇنداق
قىلىپ دادىلىرىمىزغا سۆيگۈ رىشتىسى چىگىلدى. غەيۇر
كەتتى. مەن كۆزلىرىمگە ياش ئالغان ھالدا ئۇزۇتۇپ
قالدىم. كېيىن ئۇ مەكتەپنى تۈگىتىپ بىر ئاقلا قايتىپ
كەلدى. تەشكىل ئۇنى يىراق چېگرا رايونىدىكى سا-
ناڭەت رايونىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. ئۇ كۈنلەر
دەل، خۇاجۇشى باشچىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت
«4 كىشىلىك گۇرۇھ»نى تار - مار قىلغان كۈنلەر ئىدى.
بۇ چاغدا ئۇ قىن - قېنىغا پاتمىغان ھالدا خۇشاللىنىپ
تۇرۇپ ماڭا: «بىز شۇنچىلىك ئىنتىزار بولغان كۈنلەر
يېتىپ كەلدى. دېمەك، مانا ئەمدى يەڭنى تۈرۈپ يې-
ڭى غەيرەت - جاسارەت بىلەن ئىشلەيدىغان كۈنلەر
كەلدى» دېگەن ئىدى.

ئايقىز: غەيۇرنىڭ خىزمەت ئورنىغا سەن بارمىغانغۇ دەي-

مەن؟

مېھرىگۈل: ياق، ئەمما ئىچكى ھېسسىياتىمىزنى خەت بىلەن ئورتاقلىشىپ تۇرغان ئىدۇق. مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بۇ چاغدا ئۇ، ئىنتايىن خوشال بولۇپ بىر پارچە خېتىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «مېھرىگۈل، سىزنى يېڭى خىزمىتىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن. ھازىر پارتىيىمىز، ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش جەڭگى-ۋار شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇر-غۇن ئىقتىسادلىق كىشىلەر كېرەك. سىنىپتا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئولتۇرغان ياش ئۆسمۈرلەر كەلگۈ-سىنىڭ ئىگىلىرى. ئۇلار كەلگۈسىنىڭ ئىنجېنېرلىرى، تېخنىكلىرى، ئىلمى تېرىقچىلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىگەن يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرى، ئالىم-پرافسورلىرى، مەسىلە سىزنىڭ ئەجرى سىڭدۇرۇشىڭىزدە. مېھرى، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز قانچىلىك ئەھمىيەتلىك خىز-مەت - ھە. سىزگە مۇۋاپىقەيەت تىلەيمەن.

ئايقىز: ھەقىقەتەنمۇ غەيۇردەك كىشى بىلەن بىللە ئو-تۇش كىشىنى راھەت ھېس قىلدۇرىدۇ. لېكىن، مانا شۇنداق ئارىسلاندەك بىر يىگىت جىسمانى جەھەتتىن ناكا بولۇپ قالدى - دە.

مېھرىگۈل: دوستۇم، ئۇ مەن ئۈچۈن بەربىر غەيۇر تېخى

ھايات. ئەگەر ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى دىگەندىمۇ مەن
ئۈچۈن ئۇ ھايات چېغىدىكىگە ئوخشاش ئىدى.

ئايقىز: (بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ) سەن كېلىشتىن بۇرۇن
ئايشە ئانا بىلەن جىق سوزلەشتۇق. ئۇ كەلگۇسىدە
ئىككىڭلارنىڭ بىر ئائىلە بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قاتتىق
ئەنسىرەۋاتىدۇ.

مېھرىگۇل: نىمە؟! ..... ئالدام بىلمەپتۇ، مەن بۇرۇنلا ھەمــ
ـمىگە تولۇق تەييارلىنىپ قويغانىمەن.

ئايقىز: داداڭچۇ؟

مېھرىگۇل: دادام مېنى قوللايدۇ.

(بۇ چاغدا ئايشە ئانا تاماق ئېلىپ كىرىدۇ.)

ئايشە ئانا: كېلىڭلار قىزلىرىم، ھەر گەپ بولسا تاماقتىن
كېيىن يەنە سوزلەشكىلى بولىدۇ. (ئايقىز مېھرىگۇلــ
نىڭ قولىدىن تۇتۇپ جوزا يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ.
ئايقىز ۋە ئايشە ئانا تاماقتىن ئازچە - مۇنچە يەيدۇ.
مېھرىگۇل تاماققا قاراپمۇ قويمايدۇ.)

ئايشە ئانا: مېھرىگۇل ئال قىزىم، كىشى تاماق بىلەن
ئورە تۇرىدۇ، ئاز - پاز بولسىمۇ يىگىن.

مېھرىگۇل: يىگىم يوق.

ئايقىز: (ئايشە ئانىغا قاراپ) زورلىماڭ ئانا.

(ئاردىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئوتىدۇ.)

ئايقىز: مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، غەيۇر ھەجەپ يېقىنقى
ئەھۋاللاردىن سىنى خەۋەرلەندۈرمەيتتىمۇ؟ بۇ نىمە
ئىش ئوزى؟

مېھرىنگۈل: ھازىر مېنى بىردىن بىر تەشۋىشلەندۈرىۋاتقان
مەسىلە دەل مۇشۇ. قانچە پارچە خەتىم جاۋاپسىز قال-
دى. (مېھرىنگۈل كوزىگە ياش ئالىدۇ)

ئايشە ئانا: كوڭلىڭنى بۇزما قىزىم، داداڭ قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن بىرەرسىمىز بېرىپ يوقلاپ كېلەرمىز.
بارا - بارا بۇ ئىشلارمۇ ئوڭشىلىپ كېتەر.

مېھرىنگۈل: (ئاچچىقلىنىپراق) نىمە؟! ئەلۋەتتە يوقلايمىز،
مەن ئەتىلا ماڭىمەن.

ئايقىز: ئەتە؟

مېھرىنگۈل: ھەئە، بىزگە تەتىل. بۇمۇ بىر پۇرسەت.

ئايشە ئانا: ھوي، نىمە دەيسەن. قىزىم ئۇ يېقىن يەر
ئەمەس. نىمە ئالدىرايسەن. ئالدىرىغان كىشى قارغۇ
بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ھېچ بولمىسا ئىككى- ئۈچ كۈن
تەييارلىق قىل.

مېھرىنگۈل: ھاجەتسىز، (ئورنىدىن تۇرۇپ قەتئى ئاۋازدا
ئېيتىدۇ) چوقۇم ئەتىلا يولغا چىقىشىم كېرەك.

(پەردە چۈشۈدۇ)

## 2. كورۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كورۈنۈشتىن ئۈچ كۈن كېيىن.

ئورنى: غەيۇرنىڭ ياتىقى، (ياتاق ئىچىدە ئىككى كارۋات، ئوتتۇردا بىر جوزا، جوزا ئۈستىدە سىزغۇچ ئەسۋاپ-لار، سىزىلغان خەرىتىلەر، جوزا ئالدىدا ئىككى ئورۇن-دۇق، ياتاقنىڭ باشقا جايلىرىدا ياتاققا خاس ھەر خىل بويۇملار بار). (غەيۇر بىلەن دىلشات ئىسىملەر ئۈستىدىن جىددى مەسلىھەتلىشىپ، چىرتىيوژ سىزىۋات-قان غەيۇرنىڭ بىر كوزى ئاقداكا بىلەن تېگىلغان. بىر پۇتى مىدىرلىماس (ئاكا) بولۇپ كارۋاتتا يېنىچە ياتقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ)

دىلشات: غەيۇر بۇ لايىھەنى (خەرىتىنى كورسىتىپ تۇرۇپ) ئەتە ئىشلەپ تۈگىتەلەيسىزمۇ؟ بولۇم باشلىقى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىۋەتسەك دەپ ئالدىراۋاتىدۇ.

غەيۇر: قاچان مۇزاكىرە قىلماقچى ئىكەن؟

دىلشات: يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن.

غەيۇر: (چېككىسىگە بارماقلىرى بىلەن ئۇقۇپ تۇرۇپ بىر دەم ئويلىنىدۇ.) بۈگۈنلا تۈگىتەيلى، كەچ كىرىپ كەتسىمۇ كېرەك يوق. بىز لايىھەنى بىر كۈن بۇرۇن

تۇگەتسەك، قۇرۇلۇش بىر كۈن بۇرۇن باشلىنىدۇ دىگەن سۆز.
دىلشات: مەلىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، بىراق سىنىڭ سالامەت-لىگىڭنى ئويلىمىساق بولمايدۇ. سىنىڭ ئىشقا چۈشۈ-ۋاتقىنىڭنى دوختۇرلار بىلىپ قالسىغۇ جاجاڭنى بىرەتتى.
غەيۇر: (چاقچاق ئاھاڭدا) سەن چىقىپ قويمىساڭلا ئۇلار بىلەلمەيدۇ.
دىلشات: مېنىڭغۇ ھازىرلا بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويغۇم بار، بىراق گوگلۇڭنى ئايايمەندە. (دىلشات ئورنىدىن تۇرۇپ ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ، غەيۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۆزىگىمۇ بىر ئىستاكان چاي قۇ-يۇشقا باشلايدۇ، بۇ چاغدا سىرتتا بىر كىشىنىڭ: «ھوي! دىلشات، غەيۇرنى ئىزدەپ بىرسى كەپتۇ، بارمۇ سىلەر؟!» دىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، دىلشات ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ مېھرىگۇلنى باشلاپ كىرىدۇ، مېھرىگۇل-نىڭ تۇرقىدىن ھازىرلا يېتىپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.)
دىلشات: (ئىشىكتىن كىرىپلا) غەيۇر، قارا كىم كەلدى.
غەيۇر: مېھرىگۇل...... (دەررۇ ئورنىدىن قوزغۇلىدۇ لېكىن ھامىسا تايىقى كارۋات يېنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن

يەرگە چۈشەلمەيدۇ.)



مىھرىگۈل: غەيۇر! (مىھرىگۈل قولىدىكى سومكىسىنى قويۇپ ئىتتىك يۈگۈرۈپ غەيۇرنىڭ ئالدىغا باردى، بۇلار قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.)

غەيۇر: قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟

مىھرىگۈل: سىز...... (سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمايدۇ)

دىلشات: مىھرىگۈل جاپا چەكتىڭىز، يول ئازاۋى، گور ئازاۋى دېگەن گەپ بىكار ئەمەس.

مىھرىگۈل: ھېچ گەپ ئەمەس.

دىلشات: قانداق؟ ئۆيدىكىلەر ياخشى تۇرغاندۇ، بوۋاي،

موما يلار ئامان - ئىسەن؟

مىھرىنگۈل: ياخشى.

(بۇ چاغدا غەيۇر گەينىنگىرەك سۇرۇلۇپ، ئۇنىسىز ئول-
تۇرۇپ خىيالغا كېتىدۇ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆ-
تىدۇ، دىلشات بىر جاۋۇرغا چېلەكتىن سۇ قۇيىدۇ.)

دىلشات: قېنى مىھرىنگۈل، باش - كوزىنگىزنى يۇيىۋېلىڭ، ئاندىن پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار، مەن سىزنىڭ ياتىغىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاچ تاماق تەييارلىتىپ كېلەي.

مىھرىنگۈل: بولدى، بولدى، ئاۋارە بولماڭ!

دىلشات: قالداقچىسىگە ئاۋارە بولۇش دەيسىز، سىز ئارىنى يىراق كورمەي بىزنى يوقلاپ كەلدىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىخەۋەر بولغىنىمىز ئۈچۈن ئالدىڭىزغا چىقالمىدۇق. (دىلشات چىقىپ كېتىدۇ، مىھرىنگۈل ئاستا غەيۇرنىڭ ئاكا پۇتىنى سىلاپ ئېچىپ كورمەكچى بولىدۇ، غەيۇر بولسا پۇتىنى ئېلىپ قاچىدۇ.)

غەيۇر: نىمىشقا كەلدىڭىز؟

مىھرىنگۈل: سىز بۇ ھالەتتە يېتىپ، مەن نىمىشقىمۇ كەلمەيمەن. (مىھرىنگۈل غەيۇرنىڭ بۇ سوئالىدىن سەل كوڭلى يېرىم بولىدۇ)

غەيۇر: مېنىڭ ئەھۋالىمدىن كويدىكىلەر خەۋەر تاپتىمۇ؟

مىھرىگۈل: ھەممىسى خەۋەر تاپتى، دادامغىمۇ خەت يېزىد- ۋەتتىم.

غەيۇر: قەيەردىن بىلدىڭلار؟

مىھرىگۈل: دىلشات خەت يازغان ئىكەن.

غەيۇر: نىمە؟! (ئۇ ئېغىر خۇرسىنىدۇ)

مىھرىگۈل: غەيۇر سىزگە نىمە بولدى؟

غەيۇر: ھېچ! (غەيۇر سوغۇق ۋە ئېغىر پوزىتسىيىدە بو- لىدۇ، ئارىدا بىر مەزگىل جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.)

مىھرىگۈل: جاراھىتىڭىز قانداغراق؟

غەيۇر: يېنىك ئەمەس، باشقىلىرى ياخشى بولۇپ كەتتى، لېكىن (كۆڭۈلسىز ھالەتتە دەيدۇ) مانا بىر كۆزۈم (داكا بىلەن باغلانغان كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ) پۈتۈن- لەي كورمەيدۇ، ئەمدى مەڭگۈ كورمەيدۇ، بۇ پۈتۈن ئۆمرۈم بويى دەسسىيەلمەيدۇ...... ئادەم ئۆزىنىڭ بىر ئىككى ئەزاسىنى يوقۇتۇپ قويۇش بىلەن گويا قەلبىد- دىنمۇ بىرەر سەۋگۈسىنى يوقۇتۇپ قويغاندەك بولى- دىكەن....

مىھرىگۈل: كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.......

غەيۇر: ئەمدى بەربىر يېرىم ئادەممەن.

مىھرىگۈل: دوختۇرخانىدا قانچە ئۇزۇن ياتتىڭىز؟

غەيۇر: ئاز كام 3 ئاي، ھەي...... ئۇ كۈنلەردە بۇركۈتكە

قەپەز قالداق تار ۋە تىنجىق بولسا، ماڭا دوختۇر-
خانىدا يېتىۋېرىشمۇ شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز بولۇپ
تۇيۇلدى.

مېھرىگۈل: ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن داۋالانمىسىڭىز
بولاتتىمۇ؟

غەيۇر: ئەلۋەتتە داۋالىنىشىم كېرەك. تېخى ۋەتەن، خەلق
ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. مەيلى ئۆسمۈرلۈك،
مەيلى ياشلىق دەۋرىمىزنىڭ ھەممىسىدە بىز خۇددى
يېڭىدىن ئايىغى چىققان بالىدەك ئالدىمىزغا بىر قەدەم
بىر قەدەملەپ ماڭدۇق. پارتىيە بىزنى تەربىيىلىدى،
ئوستۇردى، ئالغا مېڭىشقا يېتەكلىدى، بىزگە دائىم
ئىلىم - پەن ئۆگەتتى. ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ۋەتىنىمىز ئۇلۇغ
تارىخىي ئەھمىيەتلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر — تۆتتە
زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. مانا بۇنداق
قايناق كۈرەش ئىچىگە قەدەم بېسىۋاتقان بۈگۈنكى
كۈنلىرىمىزدە، يېرىم ئادەم بولۇپ قېلىشىم ھەقىقەتەنمۇ
مېنى ئازابلايدۇ.

مېھرىگۈل: ئۆزىڭىزنى - ئۆزىڭىز ئازابلىماڭ.

غەيۇر: مېھرىگۈل، سىز چۈشەنمەيسىز. مۇشۇ كۈنلەردە تاغ،
دالا بويلاپ يۈرۈگۈم، غۇلاچىنى كەڭ يېيىپ بۇ ۋەتەننى،
بۇ جانىجان تۇپراقنى قۇچاغلىغۇم كېلىدۇ. ئەمما نېمە

ئامال دەيسىز. ئەمدى ئۆمرۈم بويى ئامال يوق.

مېھرىنگۈل: كۆڭلىڭىزنى چۈشۈنىمەن، گەرچە بىر كوز ۋە بىر پۈتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىڭىزمۇ ئۇ، يەنىلا ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بولدى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزگە پۇت-قول بولىمەن، يەنە ئەۋەلقىدەكلا بىللە قول تۇتۇشۇپ، بىللە ھايات كوچۈرىمىز، بىللە ئىشلەيمىز...

غەيۇر: ئەۋەلقىدەكلا؟

مېھرىنگۈل: ئەۋەلقىدەك.

غەيۇر: (بىردەم ئويلۇنۇپ تۇرۇپ قالىدۇ) قانچە كۈن رۇخسەت سوراپ كەلدىڭىز؟

مېھرىنگۈل: ھازىر بىزنىڭ تەتىل ۋاختىمىز، يەنە 15 كۈن ۋاختىم بار.

غەيۇر: ئەتە بىر كۈن تۇرۇپ، ئوكۇدلۇككە قايتىپ كېتىڭ.

مېھرىنگۈل: نىمىشقا؟ . . . . . .

(غەيۇر ئۈنچىقمايدۇ، مېھرىنگۈل ئۇھ تارتىپ ئازاپلىنىدۇ، ئىمتاسچىلىق باشلىنىدۇ. بۇ ئارىدا دىلشات بىر پەتنۇستا سەي ۋە نانلارنى كوتۇرۇپ كىرىپ كېلىدۇ. دىلشاتنى كورگەن مېھرىنگۈل يۈز-كوزىنى يۈيۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇدۇ، ئۈنىڭغىچە دىلشات جوزىنى رەتلەپ، تاماقنى قويىدۇ، بۇلار تاماققا ئولتۇرۇ.)

دىلشات: بوگۈنكى كىنو ياخشى ئىكەن.

غەيۇر: فايىسى كىنو قويۇلىدىكەن؟

دىلشات: «پولات قاندىلاق تاۋلاندى».

غەيۇر: ھىم.

(مېھرىگۈل تاماقنى ئېغىزغا ئالماي، مۇڭلۇنۇپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

دىلشات: مېھرىگۈل ئېلىڭ، ئېلىڭ، ھېچ ئالمايسىزغۇ؟

مېھرىگۈل: ھە، ھە، مانا (بىر چوكىدا سەي ئېلىپ يەنە توختاپ قالىدۇ.)

دىلشات: (غەيۇرغا قاراپ) پاۋىل كورچاگىننىڭ ھاياتىنى ھەر كىشى ئۆزىگە نەمۇنە قىلسا بولىدۇ، قاندىلاق غەيۇر؟!

غەيۇر: شۇنداق، ئۇنىڭ ھاياتى ھەقىقى مەنىسى بىلەن كوممۇنىزم ئىشلىرىغا بېغىشلانغان ھايات، ئۇ ھەممە كىشىنىڭ بولۇپمۇ بىز ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز.

دىلشات: ھەي، كىشى ئۆمرىنى ئاشۇنىڭدەك ياشاپ ئاخىرلاشتۇرالىسا ھە - ئۇنىڭ «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەت نەرسە ھاياتتۇر. ئۇ دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ ۋە ئۇنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى . . . ئۇ ئۆلەر ۋاقتىدا، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىم ۋە پۈتۈن ئۆمرۈم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىگە، ئىنسانىيەتنى ئازاتلىققا چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەشكە بېرىلدى دەپ ئېيتالايدىغان بولسۇن» دىگەن سۆزلىرى كىشىنى ئۇمۇرۋايەن

زۇقلانىدۇرۇدۇ.

غەيۇر: ئەلۋەتتە، كىشى ئۇزىنى كورچاكىنىدەك شەخسلەرگە ھېمىشە سىيلىشتۇرۇپ تۇرغانىدىلا، ئۇ ئوز ئاجىزلىقلىرىنى روشەن كورۇپ تۇرالايدۇ. ئاجىزلىقلار تىردىشىپ تۇگۇتۇلسە، ۋەتەن، خەلق ئېھتىياجىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئوزىدە تەلەپ قويىۇپ تۇرۇلسا، تىردىشىپ كۇرەش قىلسا. . . .

ھايات ھەقىقەتەنمۇ مەزمۇنلۇق كوچۇرىلىدۇ.

(ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالىدۇ)

دىلشات: (مىھرىگۇلگە قاراپ) ھوي تاماق يىمەيسىزغۇ؟

مىھرىگۇل: يەيمەن، مانا، مانا . . . . . .

دىلشات: ئېيىتىڭ، بەك بوشاپ كەتكەنىدەك كورۇنىسىزغۇ، يول جاپاسى، ھاردۇق يەتتىمۇ يا؟

مىھرىگۇل: ئۇنداق ئەمەس.

دىلشات: غەيۇرنىڭ سالامەتلىكى بارغانسىرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. كوڭلىڭىزنى بۇزماڭ! ئەمدى كوڭۇلسىزلىك دىيىشكە توغرا كەلسە، غەيۇرنىڭ بۇرۇن ئىشقا چۇشۇۋىلىپ، دوختۇرلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئارام ئالالمىغانلىقىغا كوڭۇلسىزلەنسەك بولىدۇ.

غەيۇر: بولدى قوي ئۇ گەپنى، يوق سوزنى قىلىسەن.

دىلشات: گەپنى قويسام بولىدۇ، ئەمىسە مەن كىنوغا كەتتىم، ئىككىڭلار تاماق يەڭلار، مۇڭدىشىڭلار، مەن قاي-

تىپ كەلگەندىن كېيىن، مېھرىگۇلنى قىزلار ياتىقىغا باشلاپ بارىمەن. (دىلشات چىقىپ كېتىدۇ، مېھرىگۇل ئورۇندۇقتىن كارۋاتقا غەيۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇدۇ)

مېھرىگۇل: ئېيتىڭا غەيۇر، سىزگە نىمە بولدى، مۇشۇنداق ئېغىر ھادىسىلەرگە ئۇچراپسىز، ئەمما مىنى ۋاقىپلاندۇرمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ماڭا . . .

غەيۇر: ھېچگەپ يوق، سىز قايتىڭ.

مېھرىگۇل: قايتىڭ؟

غەيۇر: شۇنداق.

مېھرىگۇل: مىنىڭ قايتىشىم شۇنداق ئاسانمۇ؟

غەيۇر: مەن سىزنىڭ كوڭلىڭىزنى ئاياپ، يالغان سوزلەپ، سىزنى ئالداپ خوشال قىلغىنىمدىن، سەممىي سوزلەپ خاپا قىلغىنىمنى ئەۋزەل دەپ ھېساپلايمەن. (غەيۇر بىردەم ئويلۇنۇپ تۇرۇۋېلىپ) بولدى، جىق سوزلىمەي، ھەر قانداق ئۇزۇن گەپنىڭ مەنىسى ھامان كالتە بولىدۇ، راستىمنى ئېيتسام ئەمدى مەن سىز بىلەن بىللە بولالمايمەن.

مېھرىگۇل: نىمە ؟

(غەيۇر بېشىنى بۇرايدۇ، مېھرىگۇلنىڭ كوزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش توكۇلىدۇ.)

(ياتاق ئىچىدە خىلى ھازاغىچە، ئىنتايىن ئۇگايىسىز.

لىق ھالىتى شەكىللىنىدۇ.)

غەيۇر: (ئېچىنىش ئاھاڭى بىلەن) مەن ئەمدى بۇرۇنقى غەيۇر ئەمەس، بۈگۈنكى كۈنلەردە مەن بىر كۆزى كور، بىر پۇتى ئاقا بولغان نىمجان غەيۇرمەن. سىز ئەدە-بىياتنى بىلىدىغان كىشى ياخشى بىلىسىز، مەشھۇر شا-ئىر فىدوفىينىڭ مۇنداق بىر كۇبلىت شىرى ئىسىمدە تۇرۇپتۇ:

ھايات ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
ھەر ئىككىسىدىن كېچىمەن،
ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت.

مەن ئەمدى ئېچ تۇرغان بۇلاققا تاشلانغان تاشتەك سىز-نىڭ ئومۇرلۇك خاتىرە جەمالىڭىزنى بۇزۇشنى خالىماي-مەن. سىزنىڭ بەختىڭىز، سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز ئۈ-چۈن، بىزنىڭ بۇ مۇھەببىتىمىزنى يوق قىلىش قارارى-غا كېلىپ قويغىنىمغا خىلى ئوزۇن كۈنلەر بولۇپ قال-دى. (مېھرىگۇل يىغلايدۇ، كىيىنرەك ئوكسۇپ - ئوك-سۇپ يىغلايدۇ. غەيۇر ئۇنىڭغا قاراپ) يىغلىماڭ، بىز جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ جەڭچىلىرى بىز. ئىنقىلاپچىلار، ھەرقانداق شارائىتتا كۆزىدىن ياش ئاققۇزمايدۇ! ئىن-قىلاپچى، قېنىنى ئاققۇزىدىكەن يىشىنى ئاققۇزمايدۇ!

مېھرىگۇل: ( يىغىسىنى توختىتىپ ) غەيۇر ئويلاپ كۆرۈڭ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بەش يىل جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. مەن بۇ كوڭۇل ردشتىنى ئۈزۈشتىنى زادىلا خالىمايمەن.

غەيۇر: ( ئويلۇنۇپ تۇرۇپ ) ئوغۇ شۇنداق لېكىن ئىنسان دىگەن گۈزەللىككە قىزىقىدۇ، گۈزەللىكنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر خىل قۇدرەت. مېنىڭ جىسمانىي لاياقىتىم، ھازىر ھېچ نەرسىگە گەرزىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مەن ئۆز ھاجىتىمدىنمۇ تولۇق چىقالمايمەن. ( غەيۇر ئېغىر خورسىنىش بىلەن، ئوھ تارتىپ، ساق كوزىنىمۇ يۇمۇپ، بېشىنى كارۋاتنىڭ يان جازىسىدىن ئاشۇرۇپ تاشلاپ تىرەيدۇ، مېھرىگۇل ئاستا غەيۇرغا يېقىنلاپ كېلىدۇ ۋە غەيۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ )

مېھرىگۇل: غەيۇر ماڭا ئىشىنىڭ!

غەيۇر: مېھرى سىز توكىنى كورمەي، تۇگمىنى كورسىگىز بولمايدۇ كېلىچەكتە. بىز بىر ئائىلە بولۇپ قالدۇق دىگەندە، سىزگە قالدىنىڭ ئېغىرچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بىرىمەن بىلەمسىز؟ دوس - دۇشمەنلىرىڭىز ئالدىدا.. بولۇپمۇ سىزنىڭ ئائىلىگىزدىكىلەرچۇ؟

مېھرىگۇل: ھەممىگە تولۇق تەييارلىنىپ قويدۇم. سىز ۋە-

تەن ئۈچۈن، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ھامان تاغ قومارغاندەك خىزمەت كۆرسىتىپ كەلدىڭىز، سىز مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەل ئۈچۈنمۇ قەدىرلىك ئادەمسىز، مەن ھەممىنى ئويلىدۇم، مەن ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدۇم. قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم.

غەيۇر: قەتئىي ئىرادە ؟ !

مېھرىگۈل: يىمىرىلمەس ئىرادە.

( غەيۇر روسلىنىپ مېھرىگۈلگە يېقىن ئولتۇرىدۇ )

مېھرىگۈل: مەن يوتكۈلۈپ كىلىپ، بۇ يەردە ئىشلەيمەن، سىزگە قارايمەن.

غەيۇر: ياق، شەخسى ئارزۇنى پارتىيە، خەلق مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ.

مېھرىگۈل: ئۇنداقتا سىزنى يوتكەپ ئېلىپ كېتىمەن.

غەيۇر: ( كۇلۇپ تۇرۇپ ) بولمايدۇ، مەن ئاخىرقى نەپسىمگىچە ھەرگىز پارتىيىگە شەرت قويمايمەن.

مېھرىگۈل: سۆزلىرىڭىز دورىخانىنىڭ تارازىسىدەك توغرا، لېكىن سىز يالغۇز بولغىنىڭىزدا قىينىلىپ قالارمىكىن، خىزمىتىڭىزگە تەسىر يېتەرمىكىن دەيمەن.

غەيۇر: ياق، مەن قىينىچىلىقنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە كەلدىم. مېنىڭ تېخى بىر كۆزۈم ۋە بىر پۇتۇم ساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆم-

ـۇنىزدىم ئىشلىرى ئۈچۈن يىنىپ تۇرغان يۈرۈگۈم بار. مەن يەنىلا ۋەتەنىنىڭ، پارتىيىنىڭ، خەلقىنىڭ جۇملىدىن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلاپ ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپەمنى قوشالايمەن.

( مېھرىگۈل بىر خىل ئىپتىخارلىق قارىشى بىلەن غە-يۇرغا تىكىلىدۇ،

غەيۇر مۇستەھكەم قوللىرى بىلەن مېھرىگۈلنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىدۇ، ئىككىيلەن ئىختىيارسىز ھالدا بىر-بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ )

( پەردە چۈشىدۇ )

رەسىمنى راۋۇپ سىزغان



# ئۆرۈك چېچەكلىگەندە

(بىر پەردە 4 كۆرۈنۈشلۈك ئوپېرا)

**ئۆمەر سايىم**

## قاتناشقۇچىلار

قادىر: (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زىيالىي ياش) 28 ياش

سابىر: (ئەترەت باشلىقى) 40 ياش

قېيۇم: (پېشقەدەم دېخان) 48 ياش

ئايىمخان: (قېيۇمنىڭ ئايالى) 45 ياش

رىزۋان: (قېيۇمنىڭ قىزى، قادىرنىڭ سۆيگىنى) 24 ياش

غوجەك: (ئەكسىلئىنقىلابچى، ئوغرى) 35 ياش

قوشۇمچە: گوڭئەن ساقچىسى، ئەر - ئايال گۇڭشې ئەزالىرى.

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1977 - يىلى ئەتىياز پەسلى.

گورۇپى: جەنۇبى شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا.

سەھنە تۈزۈلۈشى:

كىچىك زاكو نورنۇتۇلغان ئېرىق بويى.
سالالاشقان ئېتىزلاردا بولۇق ئۇسكەن بۇغداي مايسى-
لىرى باھار شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپتا ئۇرۇك
چېچەكلىگەن، ھەممە ياق باھار مەنزىرىسىگە چومۇلگەن.
شوخ مۇزىكا سادىسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ.

ناخشا:

دەۋ باھار يېتىپ كەلسە،
ئورۇكلەر چېچەكلەيدۇ.
بىزنى شانلىق سەپەرگە،
خۇاجۇشى يېتەكلەيدۇ.
ئىشلىگەچ جاسارەتتە،
ھەجەپ ئوخشىدى ئاشلىق.
ئىشچانلار قولى بىلەن،
گۈللەندى قاقاس - تاشلىق.

قايتارما: دەۋرىمىز باياشاتلىق،
ئومرىمىز ئوتەر تاتلىق.

(سىرتتا تىراكتور ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن قىز-

يىگىتلەرنىڭ كۆلكە چاقچاقلىرى ئاڭلىنىدۇ. سابىر مۆردىسىگە كەتمەننى سالغىنىچە كىرىپ كېلىدۇ، ئارقىدىن قادىر بىرنەچچە كۆكشىي ئەزالىرىنى باشلاپ كىرىدۇ)

قادىر: سابىركا، قىز - يىگىتلىرىمىز ماڭساق دەپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ.

سابىر: (ئەزالارغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ) تەييارلىنىشلار پۈتتىمۇ؟

ئەزالار: تەييارلىقىمىزدا گەپ يوق. بۇيرۇق . بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

سابىر: بەللى، ئەزىمەتلەر.

(قېيۇم كىرىدۇ).

قېيۇم: ئوھۇ، مەلىمىزنىڭ ياشلىرى جەڭگە راسلانغان تۇلپارلاردەك سەپ تارتىپتىغۇ، سەپەر نەگە؟

قادىر:
سىرغا تەشنا دۇيىمىز،
زۇمرەتكە تەشنا دۇيىمىز،
چۆلمە كۆل باغلار ياساپ،
ئاش بىلەن تاغلار ياساپ،
تاغنى تالقان قىلغىدەك،
قۇدرەتكە تەشنا دۇيىمىز.

ئەزا A: توغرا، گۇلۇاغدىكى سالا ئېتىزلارغا بىرنەچچە

قۇدۇق قازماقچىمىز.

سابىر: قېيۇمكا، بۇ ياشلار بىز ئويلىغاننى ئويلاپ، بىز ئاللىدىرغاننى ئاللىدىراۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ قۇرغاقچىلىقنى يەڭمەكچى.

قېيۇم: بۇغۇ راست. ئەمما كۆلۋاغدىكى تۇپراقنىڭ شورى كوپ، شۇڭا سۇيى ئاچچىق چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمان.

قادىر: بۇ ئەندىشىڭىز توغرا. بىراق مەن كۆلۋاغدىكى تۇپراق تەركىۋىنى، يەر تۈزۈلۈشىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ كوردۇم، ئوتتۇز مېتىردىن چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىكى سۇ زاپىسىنىڭ ناھايىتى مول ۋە تاتلىق سۇ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

قېيۇم: يارايسەن يىگىت، ئۇنداقتا مەنمۇ باراي.

ئەزا A: قېيۇمكا، ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا دىگەن گەپ بار. ھازىرچە سىز بۇ ئىشقا قول ئۇزاتمىسىڭىزمۇ بولار.

ئەزا B: بىز ياشلارمۇ يېتىپ ئاشىمىز.

سابىر: توغرا، سىز دۈيدىكى ئىشلارغا مەسلىھەت كورسىتىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

قېيۇم: روھىم يىگىتلىك ۋاقتىمدەك،
ئىشتا مەن باتۇر بىلەك.

ئۇ رادەم گاگىدىنمۇ چېك،
مەندە بار ئوتلۇق يۈرەك.

سابىر: (چاقچاق قىلىپ) ئاكا، قېرى كالا قوشقا ياردەمايدۇ.

قېيۇم: شۇمۇ گېپىڭمۇ؟ زاغرا نان قېتىقتا ياخشى، قېرى كالا پېتىقتا دىگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟
(كۈلكە)

ئەزا A: قېيۇمكا، سىز كېتىپ قالسىڭىز ئايىمخاچام رەنجىپ قالارمىكىن؟

قېيۇم: ئۇكام، ئۇ قەدىناسىنى سەن تېخى چۈشەنمەمسەن؟ كوللىكتىپنىڭ ئىشى ئۈچۈن ماڭسام ئۇنىڭ كوڭلى يايراپ كېتىدۇ - دە.
(سىرتتىن «تېز بولۇڭلار، چاقىغانراق ماڭايلى» دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.)

ئەزا B: سابىركا، ۋاقىردىغان سىزنىڭ ئاياڭىز زورىخان ئاچامغۇ دەيمەن.

سابىر: ھەئە!

قادىر: زورىخان ئاچام ئايالىلار زەربىدار دۈيىنى ئوزەم باشلاپ بارىمەن دەپ ئۈزىمىدى.

قېيۇم: مانا، خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدا قالسام سەت ئەمەسمۇ؟ جۈرۈڭلار.

(گەزالار خوشال ھالدا چىقىپ كېتىشىدۇ. قېيۇم بەل-
ۋېغىدىن سامسا ئېلىپ قادىرغا بېرىدۇ.)

قېيۇم: بۇنى ئايىمخان ئاچاڭغا بېرىپ قوي!

قادىر: (سامسىنى ئېلىپ) ماقۇل.

سابىر: قېيۇمكا، ئايىمخاچام سىزنى پولو بىلەن ئوبدان
باقىدىكەنغۇ!

قېيۇم: ھە، مەنمۇ ئۇنى ئوبدان كۆزىمەن. بىز بىر-بىرى-
مىزگە چىدىشالمايدىغان قەدىناسلار (كۈلگىنىچە چىقىپ
كېتىدۇ)

سابىر: ئوت يۈرەك ئادەمدە! (ئىككىسى ماقاچىپى بولىدۇ.
قادىر سامسىنى ياغلىققا ئوراۋاتقاندا خاتىرە دەپتىرى
چۈشۈپ قالىدۇ)

قادىر: سابىركا، مەن ئۇۋال ئايىمخاچام بىلەن كورۇشۇپ
قېيۇمكامنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇراي.

سابىر: بولىدۇ. (قادىر ناخشا ئېيتقىنىچە چىقىپ كېتىدۇ)

ناخشا:

بۇغداي تېرىدۇق تۈزگە،
تېگى يازغى، تېگى كۈزگى.
ئىشلەيمىز چاسارەتتە،
غەلىبە يار ھامان بىزگە.

(ئارقىدىنلا رىزۋاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.)

ناخشا:

قۇدۇق قازىمىز چوڭقۇر
بولدۇقلاپ سۇ چىقسۇن دەپ.
ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان
زىرائەتنى ئىچسۇن دەپ.

سابىر: (ھاياجانلىنىپ) بەللى، يارايسىلە، ناخشىنى ناخشىغا، كۈننى تۈنگە ئۇلاپ جەڭ قىلساڭلار بىزدە نىمە ئارمان؟ ياۋۇز «4 كىشىلىك گورۇھ» نىڭ قانلىق كاللىسى-تاياقلىرى قادىرنىڭ قەددىنى پۈكەلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا رىزۋان ھەمنەپەس بولدى. بۇ بىر جۈپ بۇرىكۈتلەر ئۇلۇغ مەنزىلگە قانات قېقىپ ئۇچسا، كىمنىڭمۇ ھەۋىسى كەلمىسۇن؟ (ئۇ مېڭىشقا تەمشەلگەندە غوجەك كىرىدۇ.)

غوجەك: ياللا دۈيجاڭ، سىلىنى تاپماق ئۈچۈن تەستە توختىدىم.

سابىر: (غوجەككە بۇرۇلۇپ) نىمە ئىش بار ئىدى؟

غوجەك: دۈيجاڭ دىگەن كوللىكتىپنىڭ پايدا-زىيىنىغا، ياخشى-يامىنىغا مەسئۇل بولىدۇ. دىمەكچى بولغۇنۇم بۈگۈنكى كۈندە قادىر مېنىڭ تېخنىك ھەيئەتلىك

خىزمىتىمگە ھورمەت قىلماي، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىسراپ قىلىپ، مۇۋاپىق بولمىغان جايلارغا قۇدۇق قازسەن دەپ پالاخشىپ يۈردىڭ.

سابىر: چۈشەندىم. ئازدۇراق زىيانلاردىن قورقساق كوپ پايدىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ.

غۇجەك: ئۇخۇ شۇنداق، ئەمدى دىمەكچى بولغۇنۇم: ئازدۇراقمۇ زىيان تارتماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلساق.

سابىر: قايسى ئۇسۇل بىلەن؟

غۇجەك: تاغلاردىكى قارلار ئېرىپ، ئېرىق-ئۆستەڭگە سۇ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرساق.

سابىر: كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئوزى زىيان. بۇغداي مايسىلىرى قۇرۇپ كەتسە يەنە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

غۇجەك: مەيلى، مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق، دىمەكچى بولغۇنۇم، قىلچە زىيان تارتماي پايدا ئېلىش.

سابىر: غۇجاخۇن، سىلە قادىردىن كوپرەك ئۈگىنىڭلار. ئۇ بىلىملىك، پارتىيىگە، خەلققە سادىق ئىنقىلاۋى زىيالى. ئۇ ھازىر يېزا ئىگىلىگىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

غۇجەك: ياخشى دۇيجاڭ، كىمدە-كىم بولسۇن ئىشقىلىپ توغرا نىيەتلىك بولسۇن.

(سابىر چىقىپ كېتىدۇ)

غۇجەك: (ئۆز - ئۆزىگە) تېخى ئاشۇ قادىر دىگەن سول-تەكتىن ئۈگەنگىدەكمەن. قانداق ئىشلەشنى، كىمدىن ئۈگىنىشنى ئۈنىڭغا مەن بىر كورسىتىپ قوياي. (بىر ئاز ئويلۇنۇپ) رىزۋان سەن ماگا ھەجەپ گەلەم قىلى-ۋاتىسەن ھە، ماگا قىيا بېقىپ قوياي دىمەيسىنا، ھىم. سېنىڭ قادىر بىلەن توي قىلغىنىڭنى بىر كورەيچۇ قېنى! (چۈشۈپ قالغان خاتىرە دەپتەرنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئېچىپ كورۇپ) ماذا ئىشنىڭ ئىپى دىگەن شۇ!

پەردە چۈشىدۇ

## ئىككىنچى كورۈنۈش

ۋاقتى: بىر نەچچە كۈندىن كېيىن.
ئورنى: يول بويى
سەھنە تۈزۈلۈشى:

گوڭ تەرەپتە رەتلىك قىلىپ سېلىنغان يېزا ئويلىرى. ئۇنىڭ ئالدىدا چېچەكلەپ ۋايىغا يەتكەن گورۈكلەر، سول تەرەپتە يوغان بىر توپ قېرى تېرەك كورىنىدۇ.

(غۇجەك خوجۇن كوتىرىپ كىرىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھېلىقى قېرى تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىدۇ. سال-قىن شامال چىقىدۇ)

غۇجەك: شامال ـ تەتۈر چىققان شامالمۇ ئوتتۇپ كېتەر.

ناخشا:

كۈناھىمنى ئاللادىن تىلەپ،
مازارلارغا قىلسەن تاۋاپ.
ئېزىز بېشىم ئامان بولسىلا،
ئالتۇن جامدا ئىچەرمەن شاراپ.

(خوجۇندىن هاراق ئېلىپ ئىچىدۇ.)

بىر قېتىملىق كەيىپ ئۇن يىللىق دەرت ـ ئەلەمنى باسىدۇ.

ناخشا:

تەمى ياخشى ئېسىل هاراق، چىرايلىق ئەتلەس،
بولسا ماڭا كىمكى قارشى شۇلى قىلاي مەس.
قادىر ئەگەر باش كوتەرسە باسار مېنى نەس،
ئۇچراپ قالسام بۇ شامالغا مېنىڭ ئىشىم تەس.

(تېرەككە يولۇنۇپ ئولتۇرىدۇ)

(ئايىمخان داستىخان كوتىرىپ كىرىدۇ)

ئايىمخان: ناخشا:

نەگە كەتكەندۇ دادىسى،
كورۈنمەيدۇ هېچ ياقتا.
بەش كۈن بولدى دېرەك يوق،
يۈرگەندۇ ئۇ قاياقتا.

ئوزىنىڭ ئويى ئۇنتۇلۇپ،
سالدى يولنى قەيەرگە.
يولۇقتىمۇ خەتەرگە،
كەتتىمۇ يا شەھەرگە.

غۇجەك: ھە، ئايىمخاچامغۇ سىلە؟ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

ئايىمخان: ئەزالار ئېتىردا، سىلە شېرىن ئۇيقۇدا.

غۇجەك: ھە، ئەمدى بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئالتە ئاي ياز ئىشلەپمۇ ئىش تۈگىمىسە، يە ئادەم ئىشلەپ ياخشى بولالمىسا، دېمەكچى بولغۇنۇم.

ئايىمخان: كىم سىلىنى يامان دەپتۇ؟ دۆيىمىزنىڭ تېخنىگى بولغاندىكىن ئەزالار بىلەن بىللە بولسىلا ياخشى ئەمەسمۇ؟

غۇجەك: نەچچە ۋاقىتتىن تېخنىك دەپ ئىشلەتتى. ئەمدى قادىر بۇ ئىشقا چات كىرىۋالدى.

ئايىمخان: قادىر؟

غۇجەك: ھە، شو قادىر. ئاڭلىسام ئۇ سىلىگە كۈيوغۇل بولغىدەك. بىزمۇ يامان ئادەم ئەمەس ئىدۇق. رىزۋانگۈلنىڭ قەدرىنى بىزمۇ قىلاتتۇق.

ئايىمخان: قادىرمۇ يامان ئەمەس يىگىتقۇ، بىزگە كۈيوغۇل بولغىچىلىكى بار.

غۇجەك: ھەي ئايىمخاچا، سىلە تولا ساددە ئىكەنلا، ئۇنىڭ
جازالانغانلىقىنى بىلمەملا؟

ئايىمخان: ئۇغۇ راس، ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى بار، تۈزۈك
يىگىت، دادىسىمۇ ئۇنى ماختايدىغان.

غۇجەك: تۈزۈكلىكىمۇ تايىنلىق، گەپ ئۇنىڭ كوڭلىنىڭ
قانداقلىقىدا. ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ
ئالىسى تېشىدا ئەمەسمۇ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى
ئۇنىڭ چاتىقى چىقسا رىزۋانگۈل ئۆمۈرلۈك دەرت-
ئەلەمدە قالىدۇ-دە!

ئايىمخان: ھەي قويسىلا، بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا.

غۇجەك: ئايىمجاچا، (خوجۇندىن ئەتلەسنى چىقىرىپ)
ئاددى بولسىمۇ بۇنى رىزۋانگۈلگە ئاتاپ ساقلاپ
كېلىۋاتاتتىم.

ئايىمخان: بۇ نىمە قىلغانلىرى، بۇنى مەن ئالالمايمەن.
قىزىمىزنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق.

غۇجەك: لەۋزىمنى قايتۇرمىسىلا، رەنجىپ قالىمەن. مەندىن
كەتسە سىلىگە، ئوخشاش ئەمەسمۇ.

ئايىمخان: (ئىككىلىنىپ) مەن ئېلىپ قويسامىمۇ رىزۋان
بۇنى كەيمەيدۇ، مېنى تەڭلىك قىلمىسىلا.

غۇجەك: ئايىمخاچا، دىمەكچى بولغۇنۇم، مېنى سىلى بالا
قىلىۋالسىلا، مەن سىلىنى ئۆمۈر بويى رازى قىلىمەن.

خوش بولاي، بۇنى ئېلىپ قويسىلا. (زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئايىمخان ئەتلەسنى ئېنچىكىلەپ كورۇپ)

ئايىمخان: رەخمەت غۇجاخۇن، ئويلىغە كېلىپ تۇرسىلا.

غۇجەك: تۇلا ئوبدان، كېلىپ تۇرىمەن. ئوزلىرى نەگە چابدۇنغان؟

ئايىمخان: دادىسىنى ئىزدەپ يۇرۇيمەن.

غۇجەك: هە، قېيۇمكام قاناتت چىقىرىپ ئۇچۇپلا يۇرۇيدۇ، سىلىگە يىتىك بېرىدىغانلەك ئەمەس.

ئايىمخان: نىمە؟

غۇجەك: يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى قوغلاپ نىمە قىلالا؟

ئايىمخان: نىمىشقا ئىزدىمەيدىكەنمەن.

غۇجەك: بىراق قېيۇمكام سىلىگە قاراپمۇ قويمىسا ئەلەم بولىدۇ - دە.

ئايىمخان: نىمىشقا قاراپ قويمايدىكەن، ئۇ كۆلۋاغىدىكى بۇغداي مايسىلىرىنى كورۇپ كېلىمەن دەپ كەتكىنىگە 5 كۈن بولدى.

غۇجەك: ياق، ئىش باشقا، هەۋەس باشقا ئايىمخاچا، ئات ئايلىنىخانىغا، يول سارىخانىغا.

ئايىمخان: غۇجاخۇن، زادى نىمە دەۋاتىلا؟ ئوڭگىلەك گەپ قىلمىسىلا، گەپلىرىنى هېچ چۇشۇنەلمىدىم.

غۇجەك: دەرەخ قېرىسا يىلتىزى قېرىماپتۇ، ئادەم قېرىسا

يۇرىكى دىگەنلەك قىيۇمكامىمۇ ھەۋەسلىك ئادەم - دە.

(شۇ چاغدا قادىر كىرىپ كىلىدۇ)

قادىر: غۇجاخۇن، نىمە ئىنجىقلاپ يۇرۇيسىلە؟

غۇجەك: دوختۇرغا ميڭىۋىدىم.

قادىر: كىسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

غۇجەك: ماڭغىدەك ھالىم يوق، غىزاغا ھيچ تاۋىم يوق.

ناخشا:

پۇت - قوللۇمدا ماغدىر يوق، ئاغرىيدۇ بىشىم،
ئوڭ بىقىنىمدا سانجىق بار، قوزغالدى يىشىم.
ئوپكەم پۇلەپ، كىرىلداپ سىقىلىپ دىمىم،
كالۋالىشىپ سوزگىمۇ كەلمەيدۇ تىلىم.

قادىر: ناخشا:

تاڭ سەھەر رىزۋان دوختۇر كەتتى ئىتىزغا،
كىسىلىڭىزنى كورسۇتۇڭ بىرىپ شۇ قىزغا.

غۇجەك: ماقۇل، شۇنداق قىلاي. (چىقىپ كىتىدۇ)

قادىر: ئايىمخاچا، قىيۇمكام ياشلار بىلەن بىرگە قودۇق قازغىلى كەتتى، سىلىگە بۇ سامىسنى ئىۋەتتى.

ئايىمخان: ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە نەچچە كۇندىن مەن.

(ئايىمخان سامىسنى ئىلىپ داستىخانغا سىلىۋاتقاندا

(بايىقى ئەتلەس قادىرنىڭ كوزىگە چېلىقىدۇ)

قادىر: ئەتلەس كوتۇرۇۋاپتىغۇ؟

ئايىمخان: ھە... ئەملى... ھېلىقى غۇجاخۇنمۇ رىزۋانگۇل-نىڭ سايىسىنى قوغلاپ يۇرۇپتۇ. شۇ بىچارىنىڭ ئاتىغىنى ئىكەن.

قادىر: ھە؟ مۇنداقمۇ كەپ بار ئىكەن ھە ئايىمخاچا، غو-جاخۇننىڭ ھىلە-مىكىرىسى باشلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قويىسۇن. ئۇنىڭ قانداق ئادەملىگى ئېخى ئالدىمىزدا ئاشكارا بولىدۇ.

(ئايىمخان خىيالغا چومىدۇ)

(پەردە چۈشىدۇ)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: شۇ كۈنى كەچ.

ئورنى: قېيۇمنىڭ پىشايۋانلىق ھويلىسى.

سەھنە تۈزۈلۈشى:

ھويلىدا ئېلېكتىر لامپىسى يورۇپ تۇرىدۇ. ھويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئېغىل. پەردە ئېچىلىدۇ.

(غۇجەك كىرىدۇ. ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ چىققاندىن كېيىن)

غۇجەك: ھىم... (قادىرنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى قويىنىدىن چىقىرىدۇ.) ئۆز مۇشتىدا ئۆزىنىڭ خامىرىنى يېرىش كېرەك. ئەل ئارىسىدا سۇ كەلگىچە توغان سال دىگەن گەپ بار. مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن سابىرنى قاتىل، قادىرنى ئوغرى قىلىۋېتەي. شۇ ئارقىلىق رىزۋاننى قولغا چۈشۈرسەم قېيىۇم ئاكىتىپىنىڭمۇ كۆشىگى بىر تىيىن بولىدۇ. ئايىمخانىمۇ قىلتاقتا چۈشتى، ئەتىلەس بىلەن تۇمشۇغىدىن ئىلىندى ئىشىنىڭ يولى شۇ.

ناخشا:

قادىر ئاكتىپ، سابىر دۇيجاڭ
ماڭا قىلدى دەرت.
زەرداپ يۇتۇپ بولۇپ قالدىم
بىر تېرە، بىر ئەت.

غۇجەك: مانا ئەمدى ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆزەم قۇتۇلىمەن. (ئۇ ئېغىلنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ كىرىپ كېتىدۇ... قوينىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى پاخلاننى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. قادىرنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ھويلىغا پىقىرىتىپ تاشلايدۇ.)

غۇجەك: مانا قادىر، ئەمدى سەن ئوغرى دىگەن نامدىن قۇتۇلۇپ باقىنچۇ؟ تېخىنىڭ يىگىت، ئەل - جامائەت

ئاماشىگىزنى ئەملى كۆرسۈن. (چىقىپ كېتىدۇ)
(ئاردىدىن ئۈزۈن ئۆتمەي ئايىمخان بىلەن رىزۋان
كىرىدۇ)
ئايىمخان: قىزىم، ئاناڭنىڭ كېيىنگە كىرسەڭ زىيان تارت-
مايسەن. غوجاخۇنمۇ قاددىردىن قىلىشمايدىغان يىگىت.
رىزۋان: (ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپ) ئانا بۇنداق گەپنى
ئىككىنچى ئېغىزىڭىزغا ئالغىچە بولماڭ.
ئايىمخان: ئاناڭ ساڭا يامانلىق تىلىمەيدۇ. سىنىڭ بەخ-
تىڭ ئۈچۈنلا باش قاتۇرىۋاتىدۇ. داداڭنىڭمۇ سەن بى-
لەن كارى يوق، ئۈنىڭغا ئەمگەك بولسىلا بولىدۇ.
رىزۋان: (ناھايىتى ئىزا تارتقان قىياپەتتە) ئانا بولدىلا!
بۇ گەپنى قىلماڭ (شۇ چاغدا ئايىمخان داستىخاندىن
ھېلىقى ئەتلەسنى چىقىرىپ رىزۋانغا بېرىدۇ)
ئايىمخان: بۇنى كورۈپ باق، تولىمۇ سىپتا توقۇلغان
ياخشى ئەتلەس ئىكەن، ساڭا ئاتاپلا ساقلاپتىكەن.
رىزۋان: ھە گەپ مۇنداقكەندە ئانا، سىزنى سوزلەتكەن
غوجەكنىڭ مۇشۇ ئەتلىسى ئىكەندە، مېنىڭ مۇنداق
نەرسىلەر بىلەن خوشۇم يوق.
ئايىمخان: خۇشۇڭ بارمۇ يوقمۇ بۇنى مەن بىلمەيمەن ئەما-
شۇ بىچارىنىڭ ھالىغا يەتكىن. (رىزۋان ھارغىنلىق
ھېس قىلىپ كارۋاتتا ئولتۇرىدۇ ئايىمخان ئەتلەسنى

كۇتۇرۇپ كىتىۋىتىپ، ئېغىل ئىشىكىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كورىدۇ.)

ئايىمخان: ۋايجان، بۇ نىمە بالا؟

(رىزۋان ئېغىلغا يۈگرەيدۇ)

رىزۋان: پاخلانلىدىن ئىككىسى يوق؟ ئوغرى كىرىپتۇ، (ئايىمخان ئېغىلنىڭ ئىشىگى تۈۋىدە تۇرغان خاتىرە دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ)

ئايىمخان: بۇ ئوغرى دەپتىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، كورۇپ باقىمىنە.

رىزۋان: (خاتىرىنى كورۇپ) قادىرنىڭ!

ئايىمخان: ھە بۇ قادىر دىگەن مەن تېخىنىك دەپ يۈرگەن بىلەن ئەسلى ئوغرى ئىكەندە، پاخلانىڭ گوشى سىگەي، ئىلاھىم قارنىڭ يېرىلىپ ئولەرسەن. ھەي رىزۋان، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپ. قادىردىن ئۈمىت كۈتۈپ يۈرمە، بىزنىڭ ئوندا ئوغرى تېخىنىكقا بىرىدىغان قىزىمىز يوق.

رىزۋان: ئاپا، بۇ ئىشنى ئوقۇۋاراق بىر نىمە دەڭ.

ئايىمخان: داداڭمۇ شۇنى ماختايدۇ، سەنمۇ شۇنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن.

رىزۋان: (تىت - تىت بولۇپ) ئاپا.

(ئايىمخان ئويگە ماڭىدۇ. كەتمەن كوتەرگەن قېيۇم

هويلىغا كىرىدۇ. )

رىزۋان: دادا.

قېيۇم: قىزىم، ئاپاڭ قېنى؟

( ئايىمخان ئۆيدىن چىقىۋىتىپ )

ئايىمخان: مانا مەن، ئەتىگەندىن بۇيان ئىزدەپمۇ تاپال-
مىدىم.

ئۆينىڭ پۇتكەن - يۇتكىنىنى بىلەلمۇ كارى يوق.

قېيۇم: قىزىم، نىمە ئىش بولدى؟

رىزۋان: ئىككى پاخلاننى ئوغرى ئاپتۇ.

ئايىمخان: ھە، سەن ئۇنداق ياخشى، بۇنداق ياخشى دەپ
ئاغزىڭدىن چۇشۇرمەيدىغان ھېلىقى قادىر تېخىنىڭ گوغ-
رىلاپتۇ، مانا ئۇنىڭ ھويلىغا چۇشۇپ قالغان خاتىرە
دەپتىرى.

قېيۇم: ئوغرى تۇتۇلماي قالمايدۇ.

ئايىمخان: تۇتۇلماي قالمايدۇ؟ ئېنىق بولغانلىكىن گەل-
ۋەتتە تۇتۇلىدۇ دە.

رىزۋان: بۇنى قادىردىن كورگىلى بولماس.

قېيۇم: قادىر قودۇق قېزىش جىگىدە كىچە - كۇندۇز جان
كويدۇرۇپ ئىشلەۋاتسا، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلان-
غىلى بولسۇن. بۇ ئىشتا چوقۇم ئويۇن بار.

ئايىمخان: ئويۇن قادىردا. بايا ئۇ ماڭا تېخى بىر مۇن-

چە نەسىھەت قىلىپ كىتىپتۇ. غـۇجاخۇننىڭ قادىر توغـ
رىسىدا ئىتقانلىرىمۇ توغرا ئوخشايدۇ.

قېيۇم: غۇجاخۇن؟ قايسى غۇجاخۇن ئۇ؟

رىزۋان: غۇجەكچۇ.

(قېيۇم خىيال بىلەن بېرىپ كارۋاتقا ئولتۇرغاندا، ھېـ
لىقى گەتلەسنى كورۇپ قالىدۇ.)

قېيۇم: بۇنى نەدىن ئالدىڭلار؟

ئايىمخان: بۇنى سۇرۇشتۇرگىچە پاخلاننى ئىيىڭلا.

(قېيۇم رىزۋانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارايدۇ.)

رىزۋان: دادا، راستىنى ئېيتسام بوگۇن ئاپامنى غۇجەك
ئوزىگە رام قىلىۋاپتۇ، بۇ گەتلەسمۇ شۇنىڭ.

قېيۇم: ھە، مەسىلە ئايدىڭ بولدى.

ئايىمخان: مەسىلە ئايدىڭ، قـادىرنىڭ رىزۋانغـا خىرىدار
بولۇپيۇرۇشىمۇ ئىككى پاخلاندا ئىكەندە!

(شۇ چاغدا سابىر كىرىدۇ.)

سابىر: تېخى ئارام ئالماپسىلەرغۇ؟

ئايىمخان: ئوغرى كىرىپتۇ.

سابىر: نىمىلەرنى ئوغرىلاپتۇ؟

رىزۋان: ئىككى پاخلاننى.

سابىر: ژىپ ئۇچى بارمۇ؟

ئايىمخان: بار. بار بىر خاتىرە دەپتەرنى چۈشۈپ قاپتۇ،

بۇنى تېزراق سۈرۈشتۈرۈپ باقساڭلا.

سابىر: كىمنىڭ خاتىرە دەپتىرى ئىكەن؟

ئايىمخان: قادىرنىڭ، شۇ بىز ئىشەنگەن قادىرنىڭ.

سابىر: شۇنداقمۇ؟ قادىرغا بىز هازىرمۇ ئىشىنىمىز.

قەييۇم: ئاڭلىسام قادىر ئۆز ۋاقتىدا چوڭ كادىر بولغانىمىش، راسمۇ؟

سابىر: راست، يولداش قادىر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك شۇ-بىۋەزىنى پۈتۈر [illegible] ن ناھىيىمىزنىڭ پەن-تەتقىقات يۇرتىغا تەخسىم قىلىنغان، ئۇ ناھىيىمىزگە كەلگەندىن كېيىن ناھىيە بويىچە ئىلمى تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش كۆيىخۋاسىنى تۈزۈپ چىققان. لېكىن «4كىشىلىك گۇرۇھ» هوكۇم سۈرگەن مەزگىلدە قادىرغا «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان» دېگەندەك قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، بىزنىڭ دادويگە هايدىۋېتىلگەن.

قەييوم: هە، مۇنداق گەپ ئىكەندە!

سابىر: بوگۈن ناهىيىلىك پارتكومنىڭ ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇنىڭدا يولداش قادىرنى تولۇق پىگفەن قىلىپ، بۇرۇنقى خىزمەت ئورۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى يېزىلىپتۇ.

قەييۇم: نىمە، يەنە ناهىيىگە كىتەمدىكىنە؟

سابىر: شۇنداق. بىز ئۇشۇككارىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق.

قەييۇم: ھە، چۈشۈنۈشلىك، غوجەكىنىڭ قادىرنى قارىلاپ يېتىنە - پاسات ئويدۇرۇپ يۈرۈشىدە گەپ بار ئىكەندە!

سابىر: يەنە بىر مۇھىم مەسىلە: غوجەكىنىڭ مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئادەم ئۇرغان ۋە بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلۇق قىلغان نەق جىنايىتى بار ئىكەن. بۇنىڭ بىر قىسمىنى يولداش قادىر پېشىر قىلدى، ھېلىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئەمەللەشتۈرمەكچى.

ئايىمخان: سابىر دۇيجاڭ، بۇ گەپلىرى راسمۇ؟

سابىر: يالغىنى يوق.

رىزۋان: ئاپا، گەپلەسنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭ.

قەييۇم: مەندىن ئىككى كۈنلا ئايرىلساڭلار قىڭغىر دەسسەيسىلە خوتۇن.

ئايىمخان: ئاپا - تەنە قىلماڭلا، مەن بۇ تولكىنىڭ مەخسىدىنى بىلمەپتىمەن.

قەييۇم: سابىر، بۈگۈنكى ئىشتا بىر قانچە يىپ ئۇچى چىقىپ قالدى.

قادىرنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق مەسىلىنى دەرھال پاش قىلىش كېرەك. بولمىسا بۇ غوجەكىنىڭ ھارام نىيىتى يەنىلا تىنىم تاپمايدۇ.

ئايىمخان: سابىر دۇيجا ‹‹، زادى شۇندا ق قىلامسىلا.
رىزۋان: شۇنداق قىلايلى.

( پەردە چۈشۈدۇ )

## تۆتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئىككىنچى كۈنى، ئەتىگەن.

ئورنى: قۇدۇق بېشى.

سەھنە تۈزۈلىشى:

ئوڭ تەرەپتە ئورمانلىق، ئوتتۇردا سالا ئېتىزلاردىكى بۇغداي مايسىلىرى، سول تەرەپتە يوقۇرى بېسىملىق ئېلېكتىر تۈۋرۈكى ۋە سىملار، دېھقانلار، راۋان ئايلىنىپ، يېڭى قازغان قۇدۇقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، يېشىل مايسىلارنىڭقا ئاقماقتا. قادىر دېھقانلارنى ئايلىنىپ يۈرمەكتە.

قادىر: ناخشا

هاياجان بىلەن، دائىم
باغنى ئارىلاپ يۈرىمەن.
باشقىچە بوگۈن كەيپىم،
بىر خوشاللىق سېزىمەن.

( قادىرنىڭ داخشىسىغا ئۇلۇنۇپلا يىراقتىن رىزۋانىنىڭ
داخشىسى ئاڭلىنىدۇ. )

رىزۋان: داخشا

زەپ چىرايلىق كوكشىنىڭ
بوك باراقسان باغلىرى.
بەرپا قىلغان بۇ باغنى،
گۇكشى ئوغۇل ـ قىزلىرى.

( رىزۋان داۋالاش سومكىسىنى كوتۇرۇپ خوشال ھالدا
كىرىپ كىلىدو )

رىزۋان: قادىر ياخشي تۇردىڭىزمۇ؟
قادىر: ئوزىڭىزچۇ يۇقالغان نەرسىلەر تىپىلدىمۇ؟
رىزۋان: تەكشۇرۋاتىدۇ.
رىزۋان: يەر ئاستى سۇلىرىدىن ئومۇمىيۇزلۇك پايدىلىنىش
توغرىسىدا يازغان ئىلمى ماقالىڭىز گىزىتكە بىسىلىپتۇ،
ئوقۇپ بىقىڭ.
( بىر پارچە گىزىتنى قادىرغا بىرىدۇ. )
بۇ مۇۋاپىقىيىتىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.
قادىر: سىز ئىلھام بەرمىگەن بولسىڭىز بۇ ماقالەم يىزىلـ
مىغان بولاتتى. مەنمۇ سىزنى تەبرىكلەيمەن.
رىزۋان: قادىر سىز راستىنلا كىتەمسىز؟

قادىر: نەگە؟

رىزۋان: ناھىيىلىك پەن - تەتقىقات يۇرتىغا.

قادىر: كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

رىزۋان: سابىر كامدىن.

قادىر: بۇيەردىمۇ ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولىدى- غۇ، مەن كەتمەيمەن.



رىزۋان: شۇنداقمۇ؟ سىز نېمە دىگەن ياخشى - ھە؟

قادىر: ياخشىلىقتىن سۆز ئاچساق سىزگە يېتەلمەيمەن.

رىزۋان: قادىر، سىز جەزمەن كەتمەڭ، مەن . . . مەن . . . .

قادىر: چۈشەندىم، مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش.

رىزۋان: دادام بىلەن ئاپامۇ سىزنى ياخشى كورىدۇ.

قادىر: ئاپىمىز قوجاخۇننى ياخشى كورەمدىكىن دەيمەن.

رىزۋان: يوق كەپنى قىلماڭ، ئاخشام ئاپام ئوچۇقچە كەتتىن شۇ گەپلەرنى ئالغىنىغا تويدى. راس، بىزنىڭ ياخلاپنىمۇ شۇ ئوغۇرلىغانلىك قىلىدۇ.

قادىر: شۇنداقتۇ بەلكىم، ئىشەك مىنگەن ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى ئارام تاپمايدۇ، نىيىتى يامان ئادەمنىڭ كوڭلى دىگەندەك ئۇنىڭ ئەزەلدىن نىيىتى ئەگرى.

(شۇ چاغدا سابىر، قەيىوم، ئايىمخان ۋە بىر قانچە كۇگشى ئەزالىرى ھەم بىر ساقچى كىرىدۇ.)

سابىر: بىر جوپ ئەزمەت بۇ يەردە ئىكەن، ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كوز دىگەن مۇشۇ - دە.

(رىزۋان ئويۇلۇپ قادىرنىڭ كەينىگە ئوتىۋالىدۇ.)

ئايىمخان: ئوغلۇم قادىر، مىنى كەچۇرگىن، مەن خاتا پەملىك قىلىپتىمەن.

قادىر: كېرەك يوق، بۇنى ھەركىمىز سىلىدىن كورگىلى بولمايدۇ.

ساقچى: يولداش قادىر، بۇ سىزنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن چۇشۇرۇپ قويغان خاتىرە دەپتىرىڭىز. (خاتىرە دەپتەرنى قادىرغا بىرىدۇ.)

سابىر: مۇشۇ خاتىرە دەپتەر بىلەن ساڭا توھمەت قىلماقچى

بولغان غۇجەك بوگۈن ئۇز جايىنى تاپتى.

ساقچى: غۇجەكنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدا قىلـ غان بىر قىسىم جىنايەتلىرىنى ئىنقىلاپ بىكىتتۇق. قوي- نىمۇ شۇ ئوغۇرلىغان. بىز ئۇنىڭ يەنە باشقا مەسىلىلىرى- نى داۋاملىق تەكشۇرۇپ ئېنىقلىماقچى.

سابىر: قادىر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى سىنى چىقىرىشقا قىلدى. بۇ ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارى.
(قارارنى قادىرغا بىردىدۇ.)

قادىر: قەدىردان خۋاجۇشىغا، سۆيۈملۈك پارتىيىگە رەخمەت.

ردزۋان: ناخشا

بىر ئىللىق باھار كەلدى،
باھاردا خوشخەۋەر كەلدى.
ئورلەيمىز ئىلىم - پەندە،
ئۈلگىدىن شان - زەپەر كەلدى.

سابىر: سىنى ناھىيىلىك پەن تەتقىقات يۇرتىغا قايتىشۇن دەپتۇ.

قادىر: پەن - تەتقىقات ئىشىنى مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىشلەيمەن.

قېيۇم: بەللى ئوغلۇم. يارايسەن، بىزنىڭ ئارزۇيىمىزمۇ دەل شۇ.

سابىر: مەيلى، بۇ يولىڭمۇ توغرا، ئەمدى ئۇزەڭنىڭ تۇر-

مۇش ئىشىگىنىمۇ ئويلاپ قوي، قېيۇمكام بۇنىڭغا ئاتىدار-
چىلىق قىلىسىمۇ ئەجەپ ئەمەس.
( رىزۋان غىپپىدە چىقىپ كىتىدۇ )
قېيۇم: دىگىنىڭلاردەك بولسۇن. قىنداق دىلىدم خوتۇن؟
ئايىخان: مۇشۇنداق ئەقىل - پاراسەتلىك، قەددى - قا-
مەتلىك، ئاق كوڭۈل، قولى گۈل ژىگىتتىن نىمىسىزنى
ئايايسىز دادىسى ؟
( كۇلكە )
قېيۇم: ئۇرۇكلەر مەي بولۇپ. شاخلىرىدىن شەربەت تام-
غاندا ...
سابىر: توي پولوسىنى يەيمىزدە !
( ھەممە كولىشىدۇ. شۇ چاغدا بىر دوستى بىلەن رىزۋان
كىرىدۇ. )
سابىر: رىزۋان سەن بىردەمدىلا غايىپ بولۇپ كەتتىڭا.
رىزۋاننىڭ دوستى: خوشاللىقتا خوشاللىق قوشۇپ توينىمۇ
تېزرەك ئويناىيلى!
رىزۋان: پارتىيىنىڭ، يولداشلارنىڭ مەندىن كۇتكەن ئۇ-
مۇدىنى چوقۇم ئاقلايمەن .
سابىر: يولداشلار، يېزىمىزدا شاتلىق ئۇستىگە شاتلىق، توي
ئۇستىگە توي بولسۇن، قادىرنىڭ تەلىۋىنى، شۇنداقلا
بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى يوقۇردىا دەيمىز. قادىرنىڭ سوت-

سىيالىستىك زامانىۋىلىشىشقا تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قو-
شۇشنى ئۈمىت قىلىمىز.

نَاخشا:

جەننەتنى گۈزەل دەيدۇ،
گۈلشەنىمىزغا يەتمەيدۇ.
ئۆرۈك چىچەكلىگەن باغدىن،
بۇلبۇل سايراپ كەتمەيدۇ.
ئالتۇن نۇر چېچىپ قوياش،
باقتى ھەر زامان بىزگە.
خۇاجۇشى دانا داھى،
مەڭگۈ پاسىۋان بىزگە.

(ئىككىنچى ئوزگىرىش)

تاردىم قويندا دوسلار، گۈل باغ ياسايمىز،
چول-سەھراغا سۇ باشلاپ كولۇپ ياشنايمىز.
توتتە قۇدرەت تاپىدۇ جۇڭخۇا ئېلىمىز،
مەنزىلىسرى ھەر دائىم ئالغا چامدايمىز-
ئالغا چامدايمىز.

(پەردە چۈشىدۇ)

رەسىمنى ئىش پولات قاسىم سىزغان

# «ئۈژمە سايىسى» سەھنە ماتېرىياللىرى توپلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسى
«ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژورنىلى تەھرىر گۇرۇپپىسى تۈزگەن
ئاپتونوم رايونلۇق ج.خ ئىدارىسىنىڭ باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى